3



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09832-3

9 787228 098323 >

定价：16.50 元

3

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间歌谣. 3/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978-7-228-09832-3

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族-民歌-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I277.291.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010497号

策　　划: 阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑: 艾合买提.伊明
责任校对: 阿布勒孜.阿巴斯 等

维吾尔民间歌谣 — 3 (维吾尔文)

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 11印张 2插页
2006年2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数: 4,001-6,000

ISBN 978-7-228-09832-3 定价: 16.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار


**ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى — 3**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 11 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001−6,000
ISBN 978−7−228−09832−3
باھاسى: 16.50 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

پىلانلىغۇچىلار:ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى
2006-يىلى

# مۇھەببەت قوشاقلىرى



مۇھەببەت قوشاقلىرى II



# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشرىدىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى
(2 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. كۆك ياللىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| 2. كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
(10 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| 2. يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| 3. قىلىچ باتۇر | 18.00 يۈەن |
| 4. ئەجدىھا يىگىت | 17.00 يۈەن |
| 5.كۈھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |
| 6. مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| 7. ھۈۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| 8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| 9. مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| 10. بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى
(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئەمىرگۇر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| 2. نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| 3. يۈسۈپ - زىلەيخا | 18.00 يۈەن |

4. تاھىر - زۆھرە 18.00 يۈەن
5. كاككۇك بىلەن زەينەپ 19.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى
(5 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① 15.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② 12.50 يۈەن
3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ 16.50 يۈەن
4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ 16.50 يۈەن
5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ 15.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى
(2 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ① 19.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ② 20.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** 8.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** 21.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى** 4.50 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى 15.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** 13.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** 5.00 يۈەن

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇھەببەت ئىزھارلىرى

گۈل ئېچىلدى باغلاردا،
يامغۇر ياغدى تاغلاردا.
يارنى سۆيسەم بولمامدۇ،
بۇنداق ياخشى چاغلاردا.

شامال چىقسا لىڭشىيدۇ،
سەمەن يولىدا تېرەك.
ئانچە - مۇنچە كېپ تۇرسىلا،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

سېسىپ كەتتى بۇ جانلار،
كۆيۈپ كەتتى بۇ جانلار.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
باغرى قاتتىق چوكانلار.

ئوتقا سالساڭ كۆل بولارمىش،
سۇغا سالساڭ پارچە مۇز.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
قاشى بىلەن كۆزى ئۈز.

ئۆستەڭ بېشىدا بىر بالا،
مىنگەن ئېتى كۆك ئالا.
بىزنى شوئنچە كۆيدۇرگەن
ئون بەش ياشلىق قىز بالا.

دۇتار دېگەن بىر ياغاچ،
سۆزلەيدىكەن تارىسى.
مېنى شوئنچە كۆيدۇرگەن
قېشىڭىزنىڭ قارىسى.

ئېگىز تاغنىڭ ئۇيانىدا
چىپار - چىپار قارا تاش.
بىزنى كۆيدۇرگەن خېنىم
ئۆزى زالىم، قاراقاش.

شاپاشلايسىز ئۆزىڭىز،
نېمە ھەقتە سۆزىڭىز؟
يۈرىكىمنى كۆيدۇرگەن
قاپقارا قوي كۆزىڭىز.

ئويتوغراقنىڭ يولىدا
كىردى كۆزۈمگە قۇم - توپا.
مېنى شوئنچە كۆيدۇرگەن
ئۆزى چىرايلىق بىۋاپا.

ئايۋانىڭنىڭ ۋاسىسى،
ئاتمىشمىدۇ، يەتمىشمىدۇ؟

چاقىرسامىمۇ كەلمەيدۇ
بىزنىڭ يار پاخقۇشمىدۇ؟

ئوردا بېشىدا قوغۇنچى،
كۆل بېشىدا سوپۇنچى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
مەلەڭدىكى بىر غۇنچى.

ئۆگزەم غىس - غىس قىلادۇ،
چىقسام توخۇنىڭ ئىزى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
ئېيساكامنىڭ چوڭ قىزى.

ئىشىك ئالدى قوش كۆلچەك
ئوتتۇرىسى چۈمبەلچەك.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
مەيدەڭدىكى قوش ئەمچەك.

*　　　*

ئۆستەڭ سۈيى لاي بولسا،
ئىچىپ قويماڭ، جانىم قىز.
كۆڭلىڭىزدە مەن بولسام،
تۈزۈك ئويناڭ، جانىم قىز.

جانىم ساڭا تەسەددۇق،
سەندە غەم يوق، كۆڭلۈم توق،

مېنىڭ بىلەن كارىڭ يوق،
تاشلىۋەتمە، جانىم قىز.

كىرسەم ئۇماق قوينۇڭغا،
گىرە سالسام بوينۇڭغا،
سۇ سەپكەندەك قۇملۇققا،
سىڭىپ كەتسەم، جانىم قىز.

* *

باغ سالدۇق، ئانار سالدۇق،
كۆرۈپ قويسىلا، يارىم.
بىز سىزگە كۆيۈپ قالدۇق،
سۆيۈپ قويسىلا، يارىم.

باغدا ئۆسكەن لەيلى مەن،
تاغدا ئۆسكەن لەيلى مەن.
سەن يارىمنى بىر سۆيۈپ،
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى مەن.

ئۇنداق ئەتمەڭلار مېنى،
مۇنداق ئەتمەڭلار مېنى.
ئاقىۋەت لازىم بولارمىز،
تاشلىۋەتمەڭلار مېنى.

ئۇنداق دېسىلە ماقۇل،
مۇنداق دېسىلە ماقۇل.

كۈزلۈككە پىشار شاپتۇل،
توغاچ تۇۋىدە ماقۇل.

ئۈنداق دېمىسىلە، يارىم،
مۇنداق دېمىسىلە، يارىم.
ئاخشام بولغان گەپ ـ سۆزنى
كىشىگە دېمىسىلە، يارىم.

باغقا كىردىم، گۈللەر ئۈزدۈم،
تولدۇرۇپ ئېتەكىمنى.
ئىشق ئوتۇڭنى ماڭا سالدىڭ،
كۆيدۈرۈپ يۈرەكىمنى.

ئاسماندىكى ئايىمسەن،
كۆڭلۈمدىكى يار.
ساڭا كۆيگەن يۈرەكلەر
بولدى پارە ـ پار.

ئېيتسالڭ ئىدىڭ شوخ ناخشاڭنى،
چالساڭ راۋابنى.
ياد ئەيلىسەڭ ماڭا ئوخشاش
ھالى خارابنى.
ئۇقساڭ ئىدىڭ، بىلسەڭ ئىدىڭ
باغرى كاۋاپنى.

دۇتار چالىمەن ياخشى،
چالسام ئېيتىمەن ناخشى.

مەيلى بولمىسا يارنىڭ،
يالغۇز يۈرگىنىم ياخشى.

دۇتار چالمىسام ياخشى،
چالسام ئېيتمەن ناخشى.
كۆڭلۈمدىكى دەردىمنى
ساڭا ئېيتمەن ياخشى.

ۋەدىلەشكەن ئىككىمىز
تاختا كۆۋرۈك ئالدىدا.
پىنهانغىنا سۆيۈشتۇق
باغ باراڭدا، دالدىدا.

سۆيۈۋالدىم دالدىدا،
قاپاق تېرەك ئالدىدا.
دوزاخ ئوتى ئوت بولامدۇ،
سېنىڭ ئوتۇڭ ئالدىدا.

ئېتىم بار، ئېگەرىم يوق،
بوينۇمدا تۇمارىم يوق.
يەر - ئاسمان گۇۋاھ بولسۇن،
سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

ئېتىم بار، ئېگەرىم يوق،
يۈرەكىم بار، جىگەرىم يوق.
ئىشقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
يالغۇز مەن، كۆمەرىم يوق.

ئېتىم بار، ئېگەرىم يوق،
پوتام بار، كەمەرىم يوق.
سەندىن كۆڭلۈم ئاغرىدى،
كېتەشىم بار، كېلەرىم يوق.

ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزىلىنى خىللايدۇ.
ئالەمدە كىشى يوقتەك،
كۆڭلۈم سىزنى خالايدۇ.

قىزىل ئالما پىشىپتۇ،
ھويلىڭىزغا چۈشۈپتۇ.
شۆنچە قىز ئاراسىدىن
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

ئېگىز تاغنىڭ كەينىدە
ئۆلار، كەكلىك سايرايدۇ.
ئويناي دېسەم يار تولا،
كۆڭلۈم سىزنى خالايدۇ.

ئايمىدۇ، ئايلامىدۇ،
ئايغا بۇلۇت دالدامىدۇ؟
سەن يارىمنى تاشلىسام،
يۈرىكىم پايلامىدۇ؟

خۇشقىنا ياراشىپتۇ
پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكى.

ئاخىرەتكە باقمەندە
ئىككىمىزنىڭ كۆيۈكى.

ئەترە كۆمدۈم تاللىقا،
تالنى ئاچقاندا چىقار.
يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقى
يارنى سۆيگەندە چىقار.

ئەترە كۆمدۈم تاللىقا،
تالنى ئاچقاندا چىقار.
ئىككىمىزنىڭ كۆيگىنى
جاننى ئالغاندا چىقار.

ئاتچاندىكى تاغلارنىڭ
باغرى تېرىم ئەمەسمۇ؟
ئازار بەرمەڭ كۆڭلۈمگە،
كۆڭلۈم يېرىم ئەمەسمۇ؟

تولا چىقماڭ ئۆگزەمگە،
ئۆگزەم چۈۋۈق ئەمەسمۇ؟
ئازار بەرمەڭ كۆڭلۈمگە،
كۆڭلۈم سۇنۇق ئەمەسمۇ؟

بارسىلا بىرگە بارايلى،
ئايرىلىپ قالغان يامان.
ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ،
يولدا يالغۇزلۇق يامان.

قاغا قونمىغان تېرەك،
سويما چۈشمىگەن پىلەك.
ئۇن بەش ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا تويمىغان يۈرەك.

يەم بېرىپ كەپتەر باقتىم،
ئاق توقام، قىزىل توقام.
شول يارىمدىن ئايرىلدىم،
قانداق كېلىدۇ ئۇيقام؟ !

شۇنداق بولارمىز دەپمىدۇق،
ئايرىلارمىز دەپمىدۇق؟
كۆن - تۈن ھەسرەت چېكىپ،
يىغلاپ يۈرەرمىز دەپمىدۇق؟ !

ئايدىن ئايرىلالمايمەن،
ئاي يۇزۇڭنى كۆرگەندە.
ئەيمىنىپ قارالمايمەن،
قوشۇماڭ تۈرۈلگەندە.

قوشۇماڭ تۈرۈلگەندە،
رەنجىگەنمىدىڭ مەندىن؟
ئىشەنچىم ساڭا كامىل،
ئۈمىد ئۈزمىدىم سەندىن.

ئۈمىد ئۈزمىدىم سەندىن،
لەۋزىدە تۇرار يار دەپ.

باشقىغا كۆز سالمىدىم،
ئامرىقىم، سېنى بار دەپ.

ئامرىقىم، سېنى بار دەپ،
بېرىپ مەلەڭدە ئوينايمەن.
مەلەڭدە كۆرۈنمىسەڭ،
تاڭ ئاتقۇچە ئويلايمەن.

تاڭ ئاتقۇچە ئويلايمەن،
چۈشۈمگە كىرەر يار دەپ.
ئۈمىدنى ئۈزەلمەيمەن،
ۋەدىسىدە تۇرار يار دەپ.

ئاللا، ئاللا، ئاللادۇر،
جاننى خۇدا ئالادۇر.
خۇدا ئالمىغان جاننى
دۈشمەن قانداق ئالادۇر؟ !

ئاللا، ئاللا، ئاللايا،
چىن تەخسىدە غىزايا.
سىزنى بىزگە، بىزنى سىزگە
تونۇشتۇرغان خۇدايا.

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
ئېتىمنىڭ قۇيرۇقى يەردە.
ئوينىغىلى قويسىلا،
كۆڭلۇم خالىغان يەردە.

قاشىڭنىڭ قاراسىگە
ئوسما قويغىنىڭ يالغان.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈلى قانچە، ساناپ باق.
راست كۆيەمسەن، يالغانمۇ،
يۈرىكىڭنى سىلاپ باق.

ئىشىك ئالدى ئېرىقمىدى،
تەرگىلى تېرىقمىدى؟
ساڭا كۆيمىگەن چاغدا،
چىرايىم سېرىقمىدى؟

ناخشا بىلەن نەي كەلسە،
ئۈنۈمدىن تونارسەنمۇ؟
مەن ئوتۇڭدا كۆل بولسام،
تاشلاشقا چىدارسەنمۇ؟

ئىشىك ئالدى گۈلدۈرمە،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمەن؟
ئوتلىرى يامان يارنىڭ
تاشلاپ قانداق كېتەرمەن؟

بالدۇر تىككەن كۆچەتتىن
كېيىنكىسى پەس ئىكەن.

بۇ جاھاندا يار تۇتۇپ،
ئىشەنمەكمۇ تەس ئىكەن.

ھويلامدىكى كۆلچەككە
شال پەيدا بولۇپ قالدى.
قاراپ باقسام، يار، ساڭا،
ھال پەيدا بولۇپ قالدى.

باشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈلى ئەجەب ئازادە.
مەن سېنى ياۋاش دېسەم،
كۈنلەيسەن، ھارامزادە
.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
بىر غۇلاچ يىپى بىلەن.
سەندىن ئايرىلارمەنمۇ،
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن؟ !

ئىشىك ئالدى قوش ئېرىق،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.
رەنجىپ قالمىغىن، يارىم،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.

ئورما ئورغىلى چىقسام،
ئورغاق كەستى قولۇمنى.
يار قېشىڭغا ماڭغاندا،
دۈشمەن توستى يولۇمنى.

سېنىڭ بىلەن گۈل تېرىپ،
غۇنچىدەك ئېچىلسام مەن.
يۈرىكىمدە ئارمان يوق،
ناخشاڭغا قېتىلسام مەن.

باغقا كىرىپ ياندىشىپ
ناخشا ئېيتىلى، يارىم.
دوست ــ دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
مۇرادقا يېتىلى، يارىم.

باغىڭدىكى جىنەستىگە
نەشپۈتنى ئۇلاي، يارىم.
راۋاب چېلىپ مەن سېنى
ناخشامغا قوشاي، يارىم.

ئالمىنى ئاتتىم ساڭا،
شاخى يوق بادامنى دەپ.
سەن مېنى ياراتمايسەن،
ئەقلى يوق ناداننى دەپ.

ئەقلىمنىڭ يوقلۇقىدىن
يارى بولدۇم مەن ساڭا.
تەقدىرىم شۇنداقمىكىن،
خارۇ بولدۇم مەن ساڭا.

قاندۇرۇپ بىر سۆيسىڭىز،
نېمە بولار، ئەي يار ــ يار؟

مەيدىڭىزدە جۈپ ئانار،
مەن غېرىب قاچان قانار؟!

ئول ئانارنى بەرسىڭىز،
ئاندىن ئوت مەندىن يانار.
مېهرىڭىزگە چىلىشىپ،
يۈرىكىم شۇندا قانار.

ئويتوغراق بازارىغا
ئون تاغاردا قاق كىردى.
مۇرادىغا يېتەلمەي،
چاچ ـ ساقالغا ئاق كىردى.

ئاشىق بولدۇم ئۆزۈڭگە،
قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.
ئالتە ئاي بولدى كۆيگىلى،
ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

يارنى ئۆيگە باشلىدىم،
بوينىغا نەزەر تاشلىدىم.
نېمە دېيىشنى بىلەلمەي،
كۆزلىرىمنى ياشلىدىم.

ئاقتامىغا كۈزلۈكتە
تېرىدىم قارا ماشنى.
كېچىسى ئۇخلاپ يېتىپ،
چۈشىدىم قارا قاشنى.

پالتا سالدىم تېرەككە،
ئۈنى كەتتى سېپەككە.
ئالتەئاي بولدى كۆيەككە،
دەز كەتمەمدۇ يۈرەككە؟

يېشىل سايىنى بويلىغان،
ساي بويىدا ئوينىغان.
ئايغا ئوخشاش گۈزەل يار،
قەلبىم ساڭا تويمىغان.

باغقا كىرمەڭ، ئانام بار،
گۈلنى ئۈزمەڭ، دادام بار.
ئامرىقىم قەلەم قاشتىن
ئايرىلماسقا ۋەدەم بار.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۆگەپ قاپتۇ يېمەستە.
سۆيۈۋالدىم يارىمنى،
دۈشمەنلىرىم كۆرمەستە.

شىۋول يولى قومۇشلۇق،
تېخى ئورغاق تەگكەن يوق.
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يەتكەن يوق.

ئىشكايلاڭدىن تولا ئۆتتۇم،
گۈل زاراڭزا تەرگىلى.

گۈل زاراڭزا باھانە بولدى،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

يار تىككەن چىمەندوپپا،
كېچە - كۈندۈز باشىمدا.
ئاق يىلاندەك تولغىنىپ،
يار ياتىدۇ قاشىمدا.

بېغىمدىكى قوناقنى
ئازنا بېرىپ تاقلايمەن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى
كىر قوندۇرماي ساقلايمەن.

بېغىمغا كىرىپ باقسام،
قىزىل ئالما پىشىپتۇ.
شۇنچە قىز ئاراسىدا،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

باغدا قىزىل ئەترەڭ بار،
ئۈزەي دېسەم، ھەدەڭ بار.
ئۈنتۈپ قالما، جانانىم،
باشتا قىلغان ۋەدەڭ بار.

ئاخشامقى بۇ چاغدا،
ئوت كۆيگەن ئوچاقىدا.
ئۆلتۈرسەڭ ئۆزۈڭ ئۆلتۈر،
مۇھەببەت پىچاقىدا.

ئۆيۈمدىكى ئوغلۇمنى
ئوقۇتۇپ قارىم قىلاي.
سەن گۈزەل قەلەم قاشنى
بىر ئۆمۈر يارىم قىلاي.

نەقىش ئويدۇم يۈرەككە،
قىزىلگۈلۈم سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدىن؟

يۈرەك ـ باغرىم قانمايدۇ،
شوراپ سۆيسەم لېۋىڭنى.
ئالدانمىغىن ئۆزگىگە،
تېپىپ ئوينا خىلىڭنى.

ياغلىقىمنىڭ ئۇچىغا
تۇگەلمىدىم يارىمنى.
يۈرەكلەر كۆيۈپ كەتتى،
سۆيەلمىدىم يارىمنى.

ئاتۇشۇڭغا بارغاندا،
ساڭا مانتا ئېپ بېرەي.
كۆڭلۈمدىكى دەردىمنى
يولدا ماڭغاچ دەپ بېرەي.

ئاچىلغۇچە قىزىلگۈل،
غۇنچىسىنى قىساڭچۇ.

مەن سەپەردىن يانغۇچە،
تاقەت قىلىپ كۈتسەڭچۇ.

لەڭگەر سىپىي ئۆزۈن ساي،
مىنەي دىسەم ئىتىم تاي.
بىر يىل دىگەن ئون ئىككى ئاي،
ئەمدى مەن قانداق چىداي؟ !

مەن كەينىڭدىن قارايمەن،
قاراپ كۆزۈم تالغۇچە.
راست گەپ قىلساڭ بولمامدۇ،
مىنى دەردكە سالغۇچە.

قىزىلگۈلنى دىمىسەم،
غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.
سەن يارىمنى دىمىسەم،
بۇ شەھەردە تۇرغۇم يوق.

ھاۋادىكى بۇلۇتتا
لاچىن، كەپتەر ئوينايدۇ.
ساڭا كۆيگەن يۈرەكتە
چۆگۈن قويسا قاينايدۇ.

سۇغا كەتكەن يارىمنى
ساقلاپ تۇراي يانغۇچە.
غۇنچە بويلۇق يارىمنى
سۆيۈۋالاي قانغۇچە.

نەشپۈت بەرگەن كىشىنى
ئالما بەرگەن دەرمەنمۇ؟
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنىڭ
ئوتىدا كۆيەرمەنمۇ؟

ئۆيىنىڭ ئارقىسى تاشلىق،
ساڭدا بارمىدۇ ئاشلىق؟
كىلىڭ، يارىم، ئوينايلى،
بىكار ئۆتمىسۇن ياشلىق.

سېرىق ساندۇق سىرىمەن،
سىرچىلىقنىڭ پىرىمەن.
بىز ئىككىمىز بىر جۈپ گۈل،
بىرى سەندۇر، بىرى مەن.

قاشىڭىز قارا ئىكەن،
كۆزىڭىزگە كۆيدۈممەن.
تىلىڭىز شېكەر ئىكەن،
سۆزىڭىزگە كۆيدۈممەن.

ئاق سېگىنىڭ يامان ئىكەن،
توم زەنجىردە باغلاپ قوي.
كۆيەك ئوتى يامانىكەن،
سۆيمىسەڭمۇ قاراپ قوي.

ھاۋادىكى لاچىننى
تور سېلىپ تۇتاي دەيمەن.

يىراقتىكى يارىمنىڭ
كۆڭلىنى ئۇتاي دەيمەن.

ئامرىقىم دەيمۇ سېنى،
سۆيۈملۈكۈم دەيمۇ سېنى؟
ئۆيدە باققان پاقلاندەك،
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سېنى؟

چىرىپ كەتكەن ساماننى
ئاتقا بەرگىلى بولماس.
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى
ياتقا بەرگىلى بولماس.

كېتىپ بارىسەن يولدا،
شايى چاپىنىڭ قولدا.
ئارقاڭدىن باراي دېسەم،
نامەھرەم بولار يولدا.

ئۆستەڭ قېشى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
ئاچ قوينۇڭنى قەلەم قاش.

سەن مېنى يار تۇتمىساڭ،
دۇنيادىن يارسىز ئۆتەي.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
باغرىمنى يېرىپ كۆرستەي.

مەن مەشرەپكە بارمايمەن،
بارسام سەھنەڭ تار كېلۇر.
بۈگۈن ئۆيدىن چىقمايمەن،
مېھرىبانىم يار كېلۇر.

ئالما ئىزدەپ يۈرگۈچە،
ئانارىڭنى يېسەڭچۇ.
بىركىم ساڭا گەپ قىلسا،
سۆيگىنىم بار، دېسەڭچۇ.

باغ ئۈچۈن يازىڭ بولاي،
بۇلبۇلغا ئەندازىڭ بولاي.
خالىساڭ خۇمار كۆزۈم،
بىر ئۆمۈر يارىڭ بولاي.

ۋەدە قىلغان ئۆزىڭىز،
گۇۋاھچىسى كۆزىڭىز.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
ئايرىلماستىن ئىككىمىز.

ئۆستەڭ بويى تاشلىقكەن،
تاپىنىمغا تاش پاتتى.
سۆيىمەن دېسەم ياشلىقكەن،
خاپىلىقتا باش قاتتى.

مەن كەلدىم كارۋان بولۇپ،
يۈرىكىم قانغا تولۇپ.

سەن يارىمنى سېغىنسام،
يىغلايمەن ساراڭ بولۇپ.

ئاسماندىكى ئايىمسەن،
بوينۇمدا تۇمارىمسەن.
كىچىك ئويناپ تېپىشقان،
باغرى يۇمشاق يارىمسەن.

ئۇزۇن بولدى كۆيگىلى،
قولۇڭنىمۇ بەرمەيسەن.
ناز قىلمىغىن بۇنچىلىك،
بىر سۆيگەنگە ئۆلمەيسەن.

بىر جۇپ ئالما ئاتامسىز،
ئۇچ جۇپ ئالما ئاتامسىز؟
بىز ئىككىلەن دوست بولساق،
بىر يوتقاندا ياتامسىز؟

باغىم بار دېگەن بولساڭ،
يېڭى باغنى سالمايتتىم.
يارىم بار دېگەن بولساڭ،
سېنى خىجىل قىلمايتتىم.

بىرى نوچى، بىرى چاقچان،
يەر ـ جاھان ساڭا باققان.
سەندىن ئۆزگىسى يوقتۇر،
كۆڭلۈمگە ئەجەب ياققان.

ئايغا ئوخشاش يۈزلىرىڭ،
دىلغا چىراغ كۆزلىرىڭ.
مەجرۇھ دىلنى ساقايتتى،
سىنىڭ قىلغان سۆزلىرىڭ.

مەن بۇ يەردىن كەتكەندە،
سىز قالدىڭىز، سىردىشىم.
ھىرىپ - ئىچىپ كەلگەندە،
سۇ بەردىڭىز، سىردىشىم.

بىۋاپانىڭ دەردىدە
خەستە كۆڭلۈم توق ئەمەس.
سەن كۆڭلۈڭنى بەرمىسەڭ،
ياخشى قىزلار يوق ئەمەس.

يولدىن ئۆتكەن ماشىنا
ئىشكايلاڭدا توختايدۇ.
كۆڭلۈڭدىكى يار بولسا،
كۈندە نەچچە يوقلايدۇ.

ئاشىق بولدۇم يارىمغا،
كۆزلىرى خۇمارىغا.
مىڭ جان بەرسەم ئەرزىيدۇ،
كۆڭلۈم چۈشكەن يارىمغا.

سۆيگۈ ئوتۇڭ تۇتاشتى،
شۇمبۇيىلار سولاشتى.

پەرۋاز ئۇرۇپ شۇ چاغدا،
بۇلبۇل گۈلگە ئولاشتى.

بادامدوپپا چىرايلىق،
كىيسەم باشىمغا لايىق.
كىيىپ ئۆتسەم كوچاڭدىن،
هەيران قالسۇن خالايىق.

گۈل تېرىدىم چۆنەككە،
كاككۇك قوندى تېرەككە.
ئەقىللىق قارا كۆزنىڭ
ئوتى چۈشتى يۈرەككە.

ئىشكايلاڭدىن ئۆتكىلى،
تار كۆۋرۈكنى سالدىڭ سەن.
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە
شۇنچە ئوتنى سالدىڭ سەن.

كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش
قوشۇلۇپتۇ تارىمغا.
جېنىم كەتسە رازىمەن،
سەندەك ۋاپادارىمغا.

باغقا كىرسەم باغچاڭمەن،
ئۆيگە كىرسەڭ زىلچاڭمەن.
سىغىنغاندا چېكەڭگە
قىسىۋالغان غۇنچەڭمەن.

ئىككى تاغ ئاراسىدىن
ياپيېشىل بۇلاق چىققاي.
ئىككى ئاشىق بىرلىشىپ،
بىر ئۆيدە ئورۇن تۇتقاي.

بىزنىڭ دەريا چوڭ دەريا،
تارمىقى تارام ــ تارام.
سەن كۆڭلۈڭنى بەرمىسەڭ،
مېنىڭ سۆيگىنىم هارام.

قاراڭ، هەي گۈزەل قىزچاق،
گۈل ئېچىلدى خۇش پۇراق.
بىزگە دۈشمەن بولغاننىڭ
يۈرىكىدە قوش پىچاق.

مايسىنى يۇلۇپ قويۇپ،
كۆچۈرەلمىگەن يارىم.
يۈرەككە ئوتنى سېلىپ قويۇپ،
ئۆچۈرەلمىگەن يارىم.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
زىرائەتلەرگە باقسا.
مەڭزى قىزىل شۇ يارىم،
كۆكرىكىنى بىر ياقسا.

سېنىڭ قاتتىق باغرىڭنى
ئوخشاتتىم قارا تاشقا.

سەھەردە قوپۇپ يىغلاپ،
قوينۇم تولىدۇ ياشقا.

باغىمدىكى ئالمامنى
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن.
سەندىن باشقا قىزلارنى
يار تۇتمايمەن، سۆيمەيمەن.

قوشاق يازدىم نېمە ئۈچۈن،
جاۋاب بېرىڭ بىز ئۈچۈن.
راست ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇڭ،
دەردتە قالدىم سىز ئۈچۈن.

شىپشىدەك گۈمبەز ئىچىدە
ئايلىنار باشىم مېنىڭ.
ئاقتى يارىم كوچىسىدا
قان بولۇپ ياشىم مېنىڭ.

ئۈستەڭ بېشىدا ناخشا ئېيتسام،
ئىشكايلاڭدا تىڭشايسەن.
ئۇچاڭدا تاۋار كۆڭلەك،
مېنىڭ يارىمغا ئوخشايسەن.

ئورمامنى ئورۇۋەتتىم،
ئېتىزلىرىڭ ئاق قالدى.
سەن يارىمنى بىر كۆرۈپ،
يۈرىكىمدە ئوت قالدى.

ئېگىز تاغقا تاش ئاتتىم،
چىرايلىققا قاش ئاتتىم.
چىرايلىق ئوخلاپ قالسا،
غەزەل بىلەن ئويغاتتىم.

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
ئاق تاۋارغا ئورىلىپ.
ئارقىسىدىن مەن چىقارمەن،
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.

ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇ
گۈل شېخىنى ئەگىيدۇ.
سىزگە كۆيگەن بۇ يۈرەك
قانداق قىلسام سەگىيدۇ؟

ئاخشاملىققا ئاي تۇغدى،
سەھەرلىكتە چولپان قىز.
سېنى دەپ بوزۇلغان بىز،
ئاچ قوينۇڭنى، قارا كۆز.

بىزنىڭ باغقا كىرىپ باق،
گۈللىرىمگە قاراپ باق.
كۆيگىنىمگە پۈتمىسەڭ،
ئادىشىڭدىن سوراپ باق.

ئايۋانىڭدا سەن ياتساڭ،
دېرىزەڭدىن ئاتاي تاش.

خېلى بولدى كۆرمىدىم،
بىر سۆيمەيسەن، قەلەم قاش.

كىچىككىنە قارا كۆز،
نېمانچە قارايسەن؟
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
ئاندىن ماڭا يارايسەن.

قاپقارا قاش ـ كۆزىڭىز،
غۇنچە بويلۇق ئۆزىڭىز.
يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ،
باشتا قىلغان سۆزىڭىز.

ئۈزۈكۈم بار ياقۇت كۆز،
دۈشمەن ئېيتار يالغان سۆز.
دۈشمەن ئېيتسا يالغان سۆز،
ئايرىلمايلى، قارا كۆز.

ئوقۇيمەن خوجا ھاپىزنى،
خۇدايىم ئايرىماس بىزنى.
خۇدايىم ئايرىسا بىزنى،
ئەسلەيمەن قارا كۆزنى.

تاڭ سەھەردە تاللىغان
دەستە گۈلۈم قولۇمدا.
كەلدىم ئېيتقان جايىڭغا،
ئىككى كۆزۈم يولۇڭدا.

ئۆستەڭگە كەلكۈن كەلدى،
ئېرىقنى كۆمۈپ بولماس.
ئىككىمىز بويتاق قالدۇق،
تاقىنا يۇرۇپ بولماس.

بۇلبۇل دېمە ھەممىنى،
بۇلبۇل ئۆزى شوخ ئاۋاز.
لەيلىگۈلگە ئاشىقمەن،
قىش بولسىمۇ كۆڭلۈم ياز.

دەردكە مۇپتىلا بولدۇم،
يارغا ئاشنا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

خەنجىرىم بار بەك ئىتتىك،
كەسمەس گۈلنىڭ شاخىنى.
مېنىڭ يارىم ئەقىللىق،
سۆيمەس مەندىن باشقىنى.

كۆزى چۈشتى يارىمنىڭ
قولۇمدىكى ئۈزۈككە.
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ،
ئايرىلارمىز كۈزلۈككە.

كېرىيە دېگەن چوڭ شەھەر،
ئات توختايدۇ لەڭزىدە.

مەن يارىمنى بىر سۆيسەم،
قان توختايدۇ مەڭزىدە.

باغىڭدىن ئۆزۈۋالدىم،
ئەترە بىلەن لەيلىنى.
يارنىڭ ئىشقى تارتىدۇ،
ھەر كىشىنىڭ مەيلىنى.

يارىمنىڭ ئۆيى باغلىق،
تېپىۋالدىم تاۋار ياغلىق.
ھېچ كىشىگە بەرمەيمەن،
جېنىمدىن ئەتىۋار ياغلىق.

ئىشىك ئالدى باراڭ، يارىم،
باراڭلىقتىن قاراڭ، يارىم.
ئەقىدەمنى بىلمىگەن
ئەقلى يوق ساراڭ يارىم.

ياغلىقىڭنى ئالدىڭ سەن،
مېنى ئوتقا سالدىڭ سەن.
مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئۆۋالىمغا قالدىڭ سەن.

ئاق چوكان، ئۆيۈڭ نەدە،
ئاق ساراي دېگەن يەردە.
تاڭلا ئاخشام باراي دېسەم،
مەلەڭ بەك ئۇزاق يەردە.

ساي بويلاپ شامال كەلدى،
ئېگىز شاخنى ئەگسەم دەپ.
يىراق يەردىن يار كەلدى،
مەن يارىمنى سۆيسەم دەپ.

سەھەردە ئويغىنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغىنادۇرمەن.
مۇرادىمغا يېتەرمەن دەپ،
خۇداغا ئاھ ئۇرادۇرمەن.

غېرىبسىنىپ ئولتۇردۇم،
يول بويىدا تاشتا مەن.
نېمىدەپ كۆڭۈل بەردىم،
سەن خېنىمغا باشتا مەن؟

باشىڭدىكى دوپپاڭنى
كىيىپ ئۆتسەم بولمامدۇ؟
توغراقتىكى يارىمنى
سۆيۈپ ئۆتسەم بولمامدۇ؟

يۇرتىنىڭ ئوبدىنى سەمەن،
سەمەندە تولا ئەمەن.
ئامرىقىم، گۈلۈم، سېنى
قاچاندا مېنىڭ دەرمەن؟ !

گۈل ئەترەڭنى ساقلاشقا
ئوچاق بېشىدا موراڭ بار.

سېنىڭ مەيدەڭ ئاغرىسا،
مېنىڭ مەيدەمدە دوراڭ بار.

سېنىڭ مەلەڭ كۆرۈندى،
ئۆگزىگە چىقىپ باقسام.
ئارمىنىمغا قاناتتىم،
باغرىمغا سېنى ياقسام.

قارا چاچمىنى چۇۋۇدۇممەن،
سايە بولسۇن يولۇڭغا.
يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى
بىلىنمەمدۇ قولۇڭغا.

كاككۇك ئاشىقى زەينەپ،
بىرى باغدا، بىرى تاغدا.
كەچ ۋاقتى زاۋال چاغدا،
مەن يارىم بىلەن باغدا.

سايراپ كەلگەن كاككۇكنى
ئوڭ قولۇمدا ئۆگىتەي.
كۆيەك ئوتى دەردىمنى
راۋاب چېلىپ تۆكىتەي.

بۇلبۇلۇك بولاي دەيمەن،
شاخىڭغا قوناي دەيمەن.
باشقا يارىڭ بولمىسا،
مەن يارىڭ بولاي دەيمەن.

ئۈزۈن بولدى كۆڭلى،
يا بولمىدى ئۆلگىلى.
ياكى يارىم بارمىدى،
باشقىسىنى سۆيگىلى.

قۇرغۇي بولۇپ ئەگسىمەن،
هويلاڭدا تېرەكىڭدە.
بۈلىق بولۇپ ئوينايمەن،
مەيدەڭدە، يۈرەكىڭدە.

گۈلباغقا ئانار سالدىم،
كۆرمەمسەن ئانارىمنى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
سېنىڭدەك بىر مۇلايىمنى.

ئۆيلىرى قەيەردىرەك،
مەن باراي شۇ يەرگىرەك.
بەلگىسى قاپاق تېرەك،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

ئېگىز ئاسماندا تۇۋرۇك يوق،
ئېقىن دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

ئوتىمىزنى ئاچمىسىلا،
چوغىمىزنى چاچمىسىلا.

دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن،
بىزدىن ئۈنداق قاچمىسىلا.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
شىۋىرغان، يامان قاردا.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسۇن،
خىيالىم مېنىڭ ياردا.

قولياغلىقىڭ قوينۇمدا،
ئەمر قىلىپ پۈتۈكلۈك.
سەن بەرگەنسەن، ئامرىقىم،
بۇنى ماڭا ئۆمۈرلۈك.

يۈرىكىم چاك ـ چاك بولدى،
لېۋىڭدە سۇ ئىچەي، يارىم.
ئۆتەر يولۇڭغا باش قويۇپ،
ئەجەل كەلسە ئۆلەي، يارىم.

ئاغزىمدا يەم بېرەي،
بۇلبۇل بولۇپ كەلسىڭىز.
نان تۇتۇپ قەسەم بېرەي،
ماڭا كۆڭۈل بەرسىڭىز.

يارىم سايىۋاغقا كەتتى،
كەينىگە يانارمىكىن؟
ماڭا بىر جام سۇ بەرسە،
يۈرىكىم قانارمىكىن؟

ئاق بوز ئاتنى تاقىلا،
كۆك بوز ئاتنى تاقىلا.
ياخشى يار تۇتاي دېسەڭ،
بوستان تېرەك ياقىلا.

توغراقتىن يېنىپ كەلدى،
بىر دانە توروۇق ئاتلىق.
تاشلاپمۇ كېتەلمەيمەن،
مېھرىبان، سۆزى تاتلىق.

ناخشا ئېيتمىدۇ دەيدۇ،
ناخشامنىڭ قارايى يوق.
مەن مۇنداق يۈرگەن بىلەن،
كۆڭلۇمنىڭ ئارامى يوق.

ئۇردۇم دەمسەن سەن مېنى،
سېپى سۇنۇق قامچاڭ بىلەن.
ئايرىمىسۇن خۇدايىم،
ۋاپادار ئاغىچاڭ بىلەن.

توك ـ توك شاپتۇلۇم، توك ـ توك،
تەپسەم تۇۋىگە چۈشتى.
بىزنىڭ يار كىچىك تۇرۇپ،
ئىشقىنىڭ كويىغا چۈشتى.

ئالتۇندىن قەپەس ئېتىپ،
بۇلبۇلنى باقارمەنمۇ؟

سەن يارىمنى قوچاقلاپ،
بىر كېچە ياتارمەنمۇ؟

كۆلگە سۇنى باشلىسام،
كۆلمۇ لاي، كۆلچەكمۇ لاي.
يارىم خاپا بولۇپتۇ،
كۆڭلىنى قانداق ئالاي؟

دۇنياغا بىر كەلگۈلۈك،
ئىككىنچى كەلمەس كىشى.
كۆڭلۈڭدىكى يار بولسا،
باشقا يارنىڭ نېمە ئىشى؟!

دۇتارنى چېلىۋەرسەم،
تۇگىمەس مېنىڭ پەدەم.
يىل، ئاي ئۆتسىمۇ، يارىم،
بۇزۇلماس مېنىڭ ۋەدەم.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمەڭ،
چۆللەردە بېشىم كەتمەس.

ناخشا ئېيتىمەن، يارىم،
تىڭشاپ يات سارايىڭدا.
ئاخشاملىقىا مەن باراي،
ئۇخلىما قارايىڭدا.

جانان چىنىگىز رەڭلىك،
ئىچىدە ئۆپا ـ ئەڭلىك.
يار دېسەم ئەگەر سېنى،
يارىم ئالدىدا تەڭلىك.

دۆڭ ئارىلاپ مېڭىپ كەلسەم،
ئىككى بۆرىنىڭ ئىزى.
كۆڭلۈمنى ئېلىپ كەتتى،
لەڭگەرلىك باينىڭ قىزى.

ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم،
يوقلىغىلى كەلسەڭچۇ.
ئوتتۇڭ چۈشتى يۈرەككە،
ئەقلى چېچەن بىلسەڭچۇ.
چىدىغىلى بولمىدى،
بىر ئىلاجى قىلساڭچۇ.

ئاققىنا كەپتەر ئەمەسكەن،
كۈندە ـ كۈندە ئۈچقىلى.
ئاي ئەمەسكەن، كۈن ئەمەسكەن،
تۈڭلۈكۈڭدىن چۈشكىلى.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى مەكتەپخانىدۇر،
بارغان كىشى موللا بولادۇر.
كۆيمەي دېسەم كۆيگۈم كېلەدۇر،
سۆيمەي دېسەم سۆيگۈم كېلەدۇر.

ئالتۇن سائىتىم بولسا،
ئۇنى ساڭا بېرەتتىم.
رەسىمىڭنى بەر، يارىم،
سېغىنغاندا كۆرەتتىم.

باغقا كىردىم گۈل ئۈچۈن،
باغدا بۇلبۇل بار ئۈچۈن.
جان تەسەددۇق ئەيلىدىم،
مېھرىبان دىلدار ئۈچۈن.

قولۇمدىكى مارجاننى
ئىشىك ئالدىغا چاچىمەن.
خاپا بولغان كۆڭلۈڭنى
مەن بارغاندا ئاچىمەن.

تاغ باشىدا قارىغاي،
باغدا بۇلبۇل سايرىغاي.
دىل رىشتىمىز چىڭ بولسا،
كىممۇ بىزنى ئايرىغاي.

گاڭگۇڭ يارنىڭ ئۆتىدا
كۆيسە مەيلى، كۆيگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى ھەم،
ھامان بىركۈن ئۆلگۈلۈك.

مەن كاككۇكنىڭ ئۈنىنى
نېرىدىن ئاڭلاپ كەلدىم.

يارىم بەرگەن پوتىنى
بىلىمگە باغلاپ كەلدىم.

كېلىڭ، يارىم، ئوينايلى،
دەريا بويىنى بويلايلى.
بىلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ،
بىز خۇداغا يىغلايلى.

ئۆزىڭىز قىزىل غۇنچە،
كۆيدۈرمەڭ مېنى بۇنچە.
سىزنىڭ كۆيۈشىڭىز شۇنچە،
بىزنىڭ كۆيۈشىمىز مۇنچە.

ئېتىمنى باغلاپ قويدۇم،
ئىشىك ئالدى سېدىگە.
ئۆزۈم كىچىك تۇرۇپلا،
قالدىم يارنىڭ دەردىگە.

كىرپىكىڭىزنى كەسلىسەم،
دەرياغا كۆۋرۈك بولغۇدەك.
جان خۇدا، دەپ يىغلىسام،
تاغ ئېرىپ سۇ بولغۇدەك.

ئۆگزەڭدىكى قومۇشقا
مەن دەسسەپ چىقالمايمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
مۇڭدىشىپ ياتالمايمەن.

قۇرغۇي قوندى تېرەككە،
ئۇتنى سالدىڭ يۇرەككە.
كۆڭلۇم قانداق چىدايدۇ،
سۆيمەي تۇرۇپ كەتمەككە.

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن.
تېۋىپتىن سوراپ باقسام،
كۆيۈككە داۋا يوق ئىكەن.

بىزنىڭ مەللە شا مەللە،
بارسىلا تاپالامىلا؟
كېچە بولسا تولغىنىپ،
ئارامى ياتالامىلا؟

ھاۋادىكى بەش ئۆردەك،
بەشىلىسى بىر خىلدەك.
بىز ئىككىمىز ئوينايلى،
ئاچىلغان قىزىلگۈلدەك.

قىزىلگۈل ئېچىلىپتۇ،
ئۈزۈۋالمىساق بولماس.
قىزلارمۇ چوڭلاپ قالدى،
سۆيۈۋالمىساق بولماس.

مەن بازارغا بارمىسام،
كۈندە بولمايدۇ بازار.

سىز يارىمنى كۆرمىسەم،
گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ غىزا.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى
سانىغىلى بولمايدۇ.
يېڭى يارنىڭ ئوتىدا
چىدىغىلى بولمايدۇ.

بېرىڭ دېگەندە بارغان بىز،
يېنىڭ دېگەندە يانغان بىز.
ئالتۇن ئۈزۈك سېپ قويۇپ،
ئاندىن كېيىن سۆيگەن بىز.

ئۆيىڭىز يىراق، يارىم،
ئاتقا مىنگۇدەك بولدۇم.
ئوتىڭىز يامان، يارىم،
كۆيۈپ ئۆلگۇدەك بولدۇم.

يارىنىڭ كۆڭلىكى خەسە،
كۆڭلىنى ماڭا بەرسە.
كۆڭلۇم چۈشمىدى خەققە،
كۆڭلۈمدىكى يار كەلسە.

يارىم چالىدۇ راۋاب،
تارىسىنى ساز قىلىپ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
قارىمايدۇ ناز قىلىپ.

مەن قارا قارلىغاچ بولۇپ،
قوش ئايۋاندا سايرىسام.
كېچە ئايدىڭدا يېتىپ،
ماڭغان يولۇڭغا قارىسام.

دوستمۇسەن، دۈشمەنمۇسەن،
قايدىن قوشۇلدۇڭ سەن ماڭا؟
خالىي بىر جاينى تېپىپ،
ئەرزىمنى ئېيتاي مەن ساڭا.

بىرىشىڭنى باغدا كۆردۈم،
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ،
بولدى كۆزۈمگە تۈتىيا.

ئالمىنىڭ چېچىكىنى
قۇمغا كۆمۈپ قۇرۇتماڭ.
ھەرقاچان مەن سىزنىڭكى،
كۆڭلىڭىزنى سوۋۇتماڭ.

ئەتىگەندە شەبنەمدە
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
ئۈمىد ئۈزگىلى بولماس،
لېۋىگە شېكەر قوشقان.

كىچىككىنە قارا كۆز،
نېمە ئانچە قارايسەن؟

كۆڭلۈڭدە گۇمان باردەك،
نېمە ئانچە مارايسەن؟

باغقا كىرگۈم بار مېنىڭ،
تاغقا چىققۇم بار مېنىڭ.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
بىللە يۈرگۈم بار مېنىڭ.

گۈلۈم غۇنچىگە مەيلىم بار،
سۆزۈمنى يەردە قويمايدۇ.
لېۋىگە ئالتىنى سۆيسەم،
يۈرىكىم يارغا تويمايدۇ.

كۆيىدۇ جانىم مېنىڭ،
يوقمۇ خەۋەردارىڭ سېنىڭ.
ئوتتىن ئېلىپ سۇغا سالغىن،
كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ.

ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ توغاچ،
ئۈستەڭ بويىدا بولغاچ.
ئارزۇيىمىزغا قاندۇق بىز،
تام قوشنا يېقىن بولغاچ.

ئارقا تاغدا نېمە بار؟
قاما بىلەن قۇندۇز بار.
كەلمەي قالاڭ كېچە دەپ،
ئاي بولمىسا، يۇلتۇز بار.

سىنىڭ ھويلاڭدىكى تېرەك
مىنىڭ ھويلامغا ئەگىيدۇ.
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك
قانداق قىلسام سەگىيدۇ؟

ئىشكايلاڭدىن ئۆتەمدۇ
كادىر بىلەن ئەمگەكچى؟
سىز يارىمنىڭ ئوتلىرى
كۆيدۈرىدۇ بۆلەكچى.

قىزىلگۈل ئاراسىدا
غۇنچە ئارىلاپ ئوينايلى.
ياش باللا ئاراسىدا
ئاداش بولۇپ ئوينايلى.

باغىمدا ئەجەب تولا
شاپتۇلا بىلەن ئالما.
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ،
مەندىن ئايرىلىپ قالما.

كېچە بولسا ياتمايمەن،
يىغلايمەن خۇدايىمغا.
ئۆلسەم يار دۇئا قىلغاي،
مىنىڭ ياتقان مازارىمغا.

يار بىلەن بىر چۆلگە كىرسەم،
چۆل ئەمەس، گۈلزار ئىكەن.

توغرىقى ئالمانغا ئوخشاش،
يۈلغۈنى مازارئىكەن.

قاشنى قاشقا ئۇلىساق،
دەرياغا كۆۋرۈك بولغۇدەك.
بىز خۇدا دەپ يىغلىساق،
تاش ئېرىپ سۇ بولغۇدەك.

قارا ـ قارا قاشلارىڭ،
يەلپۈنەمدۇ چاچلارىڭ؟
ساڭا نېمە دەرد كەلدى،
قۇرۇمايدۇ ياشلارىڭ؟

باغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئالما ئىرغىتاي، يارىم.
ناخشامغا قېتىۋېلىپ،
سېنى يىغلىتاي، يارىم.

ئاتقا مىنىمەڭ يوگەنسىز،
مىنىپ بېقىپ بىلەرسىز.
مېنى يامان دېمەڭ سىز،
سۆيۈپ بېقىپ بىلەرسىز.

چوكانمۇ تېگەي دەيدۇ،
جۇۋانمۇ تېگەي دەيدۇ.
قىزغا ئۆيلىنەي دېسەم،
قوينۇڭغا كىرەي دەيدۇ.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى ئانارغا.
سەن يارىمنى بىر سۆيۈپ،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

زەپىرەڭ نەدە بولۇر،
يولنىڭ بويىدا بولۇر.
ھەر كىشىنىڭ ئەقلى بولسا،
يارنىڭ كويىدا بولۇر.

ئالما بەرسەم ھەر كىمنىڭ
ئېچىلار قىزىلگۈلى.
چىمەن ئىچىدە سايرايدۇ
باغ ئارىلاپ بۇلبۇلى.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى
ئېگىز تاغنىڭ كەينىگە.
بىزنى دېگەن چوكانلار
چىقسۇن باغنىڭ كەينىگە.

ئېرىق بولسا كەڭ بولسا،
سۇ باشلىسا تاشمىسا.
يار بولسا گاڭگۈڭ بولسا،
قايرىپ سۆيسە، قاچمىسا.

باغدىكى بولجا تېرەكنىڭ
سايىسى كۆلگە چۈشەر.

ئۆزلىرى چاققان خېنىمنىڭ
ھاجىتى بىزگە چۈشەر.

ئوقىيا ئالدىم قولۇمغا،
سايدا جەرەن ئاتقىلى.
نومۇس قىلماڭ، قارا كۆز،
بىر ياستۇقتا ياتقىلى.

ئارقا تاغنىڭ يوللىرى
ئالتۇن - كۈمۈش ئارىلاش.
ئاگاھ بولغىن، جان دوستۇم،
بىزگە دۈشمەن ئارىلاش.

تېپىلغىلى مۇز ياخشى،
ئوينىغىلى قىز ياخشى.
ئۇنداق - مۇنداق يارلاردىن
سەت بولساقمۇ بىز ياخشى.

سېنى دەيمۇ، سېنى دەيمۇ،
سېنىڭ ئالماڭنى مەن يەيمۇ؟
سېنىڭ ئالماڭ داۋا بولسا،
يۈرەكىمگە تاڭاي دەيمۇ؟

يارىم بەرگەن دۇتارنىڭ
دەستىسىدە ئۇلاق يوق.
سىز تۇرسىڭىز ۋەدىدە،
بىز دىگەندە چاتاق يوق.

ئەجەبمۇ بالىكەنسىز،
سەدەپ مونچاقتا ئوخشايسىز.
كۆڭلۈمنى بىرەي دېسەم،
بىر نادانغا ئوخشايسىز،

مەن بارالمىدىم تۈزغا،
مەيدەمنى يېقىپ مۇزغا.
بىر پۇلۇمنىڭ تايىنى يوق،
ئىچىم كۆيىدۇ قىزغا.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
خىيالىمدىن كەتمەيسەن.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
مۇڭداشقىلى كەلمەيسەن.

قاراپ ئولتۇرسام، يارىم،
چىرايلىقتىن چىرايلىقسەن.
مەن كۆيگەن بۇ ئوتلاردا
سەن كۆيۈپ چىدالامسەن؟

مەشۇقۇم قارا كۆزنىڭ
ئوڭ مەڭزىدە خالى بار.
كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام،
ئېشىپ كەتكەن ھالى بار.

باراڭنىڭ ئىچى سايە،
ئەتراپى ئۈنىڭ گۈلدۇر.

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان
مەشۇقۇم قارا كۆزدۇر.

قاراپ كۆزلىرىم تالدى،
بىر سۆزۈڭنى بەرمەيسەن.
نېمە مۇنچە زار قىلدىڭ،
سۆيۈپ قويسالڭ ئۆلمەيسەن.

مېنىڭ مەقسەت، كۆڭلۈم شۇلدۇر،
سېنىڭ ئالدىڭدا جان بەرسەم.
ئاياغىمدا مادارىم يوق،
بېرىپ بېشىڭدىن ئۆرگۈلسەم.

مېنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈمنى
چىرايلىق مەشۇقۇم ئالدى.
راست سۆزۈڭنى ئېيت، يارىم،
جان كىچىككىنە قالدى.

مېنىڭ يارىم ئەجەب دانا،
ئەجەب رەنا، ئەجەب خۇشخۇي.
ئاخشاملىقى مەن باراي،
ئىشىكنى تاقىماي بوش قوي.

يامغۇرلار تولا ياغسا،
ئۆيدىن ئۆتىدۇ تامچا.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
پۇتۇم ئات، قولۇم قامچا.

يارنىڭ يېنىدا باغدا
بۇلبۇل تولا سايرايدۇ.
خۇدا قوشقان كۆڭۈلنى
دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ؟

ئىشىكنى قىيا ئاچقىن،
يۈزۈڭنى كۆرۈۋالاي.
تۇتۇپ جۇپ قۇلاقىڭنى،
ئاغزىڭغا سۆيۈۋالاي.

سېرىقچېچەك سايدا بار،
سىزدەك چوكان قايدا بار؟
سىزدەك چوكاننى سۆيسەم،
يۈرىكىمگە پايدا بار.

خۇمارى بولۇپ كەتسەم،
سىلاپ باقىمەن ياننى.
سەن خېنىم، مېنى دېسەڭ،
پىدا قىلىمەن جاننى.

بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا،
قويمىسام يار قېشىدىن.
خەلقئالەم ئالدىدا
پەرۋانە بولسام بېشىدىن.

بېغىڭدىكى تاللاردا،
خامان ھەيدىسەم لازىم.

ئوينايمەن دەپ ئېيتساڭچۇ،
مەن ساڭا قىلاي تەزىم.

قاراپ كۆزلىرىم تالدى،
بىر سۆزۈڭنى بەرمەيسەن.
نېمە مۇنچە يىغلايسەن،
يار تۇتقانغا ئۆلمەيسەن.

قېشىڭىز قارا ئىكەن،
دىلىڭىز ساراي ئىكەن.
مەن ئاخشام باراي دېسەم،
دۇشمەنلەر مارايدىكەن.

بېشىڭدىكى چېچىڭغا
ئالتۇن تاغاق تاقىغىن.
قىزىلگۇلدەك قەلبىڭنى
جېنىم، ماڭا ئاتىغىن.

ياراشقان قارا خالىڭ،
چېكىڭۋالغان مەڭ ئەمەس.
مېنىڭ ئۈچۈن بارچە قىز
بىر ئۆزۈڭگە تەڭ ئەمەس.

كىرپىكىڭدىن چىققان ئوق
يۈرىكىمگە قادالدى.
پېشانەمدىن كىرگەن ئوت
بەدىنىمگە تارالدى.

تۇتما دېسەم خويمۇ تۇتتۇڭ
بىلەكلىرىمنى.
سېنىڭ ئوتۇڭ كۆيدۈردى
يۈرەكلىرىمنى.

ئىشىك ئالدى قارىياغاچ،
قونۇۋاپتۇ قارلىغاچ.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
تالادا ياتتىم يالىڭاچ.

چىرىغىڭنى ياندۇرۇپ
قويدۇڭ موراڭنىڭ بېشىغا.
مەن ساڭا بىر گەپ قىلاي،
قېرى ئاناڭنىڭ قېشىدا.

يارىم بەردى بەش ئالما،
بەشىلىسى قوينۇمدا.
ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام،
يارنىڭ قولى بوينۇمدا.

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كېلىپ،
پەنجىرەڭدىن تاش ئاتتىم.
يارىم، سىز ئۇخلاپ قاپسىز،
تەمبۇر چېلىپ ئويغاتتىم.

بىر كۆرۈپ سېنى، يارىم،
قالمىدى مېنىڭ ھالىم.

بىر باقساڭچۇ سەن يارىم،
تەڭ بولۇپتۇ ئەھۋالىم.

سۇلار شىرقىراپ ئاقسا،
تۈگمەننىڭ نورى دەيمەن.
يار ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن.

ئېرىق بىلەن ماڭساڭچۇ،
بېدىلىكنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى بەر، يارىم،
غېرىب كۆڭلۈمنى گول قىلماي.

قېشىڭ قارىكەن، يارىم،
كۆڭلۈڭ ئاق ئىكەن، يارىم.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
مەيلىڭ يوق ئىكەن، يارىم.

ئوت كۆيگەن ساماۋارغا،
مەن سۇنى قۇياي دەيمەن.
كۇلگۇنچەك مېنىڭ يارىم،
لېۋىگە سۆيەي دەيمەن.

بىرگە بۆلەيمۇ جانىمنى،
ئىككىگە بۆلەيمۇ جانىمنى.
شىشىدە ساندۇق ياساپ،
ساقلاپ سۆيەيمۇ يارىمنى.

ئاقىنا ئايدەك يۈزۈڭگە
قاپقارا خالىڭ بولاي.
كېچە يېنىڭدا يېتىپ،
كۈندۈز خېرىدارىڭ بولاي.

ئۆستەڭ بويىدا ساندۇق،
ساندۇققا قۇلۇپ سالدۇق.
بىر قاراپ قويۇڭ، يارىم،
كۆيۈك ئوتىدا قالدۇق.

ناخشا ئېيتىمەن باشتىن،
ئاڭلاپ تۇر قولاقىڭدا.
ئاخشاملىققا مەن باراي،
ئويناتقىن بۇلاقىڭدا.

ئاق كەپتەرگە دان چاچتىڭ،
كۆك كەپتەرگە چاچماسمەن؟
مەن شۇنچە يېلىنسامۇ،
چىرايىڭنى ئاچماسمەن؟

ئاي بېشىدا ئاھ ئۇرسام،
ئاي ئاخىرىغا كەتتى.
سەندىن ئۆزگە ئالەمدە،
مېنىڭ ھالىمغا كىم يەتتى؟

ئۇ كوچاڭدا سەن بولساڭ،
بۇ كوچاڭدا مەن بولاي.

قىزىلگۈلى سەن بولساڭ،
يوپۇرمىقى مەن بولاي.

ئالمۇتانىڭ ئالمىسى،
ئالا بۆرەك ئانارى.
مېنى شۇنچە يىغلاتقان
سەن يارىمنىڭ خۇمارى.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
ئۇزۇپ ئاغزىڭغا سالما.
ئويناپ ئېيتقان سۆزۈمنى
ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما.

مەن بېلىمنى باغلىدىم
سىم بىلەن ھەم قىل بىلەن.
ئەھدە قىلغايمىز، كېلىڭ،
ئىككىمىز چىن دىل بىلەن.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
قاراڭدىن قورقىمەن، يارىم.
كوچاڭدىن ئۆتەي دېسەم،
ئاناڭدىن قورقىمەن، يارىم.

ئوڭ قولۇمدا قەلەمىم بار،
سول قولۇمدا قەلەمىم بار.
سېنىڭ بىلەن ئويناشقا
قىيامەتلىك شەرتىم بار.

دۇتار چالغان قولۇڭغا
بىر ئۈزۈك سېلىپ قوياي.
ئاخشاملىقتا كەلگەندە،
دالىدىدا سۆيۈپ قوياي.

تۇرپان يولى يول بولسۇن،
ئىككى چېتى گۈل بولسۇن.
چىن ئەقىدە بولمىسا،
ئىككى كۆزۈم كور بولسۇن.

قىزىلگۈل ئاراسىدا
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ساڭا ئېيتمىسام بولماس،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

سىنىڭمەنەي، سىنىڭ مەن
سىنىڭ بولماي كىمنىڭ مەن؟
ئەزىزانە قەشقەردىن
تاللىۋالغان گۈلۈڭ مەن.

ئاق كىگىز، قارا كىگىز،
سىنىڭ ياڭزاڭغا باب كىگىز.
بويۇم بىلەن بويۇڭ تەڭ،
دوپپاڭنى ماڭا كىيگۈز.

ئۆيۈڭگە كېلىپ قالدىم،
ناخشاڭغا خۇمار بولۇپ.

ئاي يۈزۈڭگە قانغۇم بار،
بويۇڭغا تۇمار بولۇپ.

ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلسەم،
ئۇنۇمىدىن تونۇغان يارىم.
جاپايىمنى تولا تارتىپ،
ھالاۋەت كۆرمىگەن يارىم.

يارىم، سەن ئىشىتتىڭمۇ،
چايغا چىللىغانىمنى؟
كۆڭلۈڭگە ئېغىر ئالما
ئويناپ تىللىغانىمنى.

ئا خېنىم، يامانلىماڭ،
ياخشى ـ ياماننى كىم بىلۇر؟
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
سايىنى تېرىسا گۈل بولۇر.

دوستقا دوست قىلدىڭ مېنى،
دۈشمەنگە دوست قىلدىڭ مېنى.
سۈرە ياسىننى ئوقۇپ،
ئايرىلغۇسىز قىلدىڭ مېنى.

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
مەن يىغلىسام، سەن كۈلىسەن.
بارچە ئىشنى بىلىسەن،
ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىسەن.

ئاق بالىخان دەپ ئېيتمايمەن،
سىم كارىۋاتتا ياتمايمەن.
سىم كارىۋاتتا ياتقاندا،
بىر گېپىم بار، ئېيتمايمەن.

چۇلۇقاينىڭ غوللىرى
ياتتاقلىق ئوتۇن ئىكەن.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
قارا قاش خوتۇن ئىكەن.

تۆگىلۈكتىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
جان باغ ـ باغ ئېتەي يارنى،
ئېچىلسۇن ئىچى ـ قارنى.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ.
دەردىڭ بولسا ئېيت، يارىم،
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

دەردى تولىدۇر يارنىڭ،
كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق.
ئوينىۋالىلى، يارىم،
بۇ ئىشنىڭ يامانى يوق.

قاشنىڭ قارىسى سەندە،
ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندە.

چىللىغاندا كەلمىگەن،
يۈزى قارا شەرمەندە.

ھاۋادا بىلىقئالغۇچ،
دەريادىن بىلىق ئالدى.
بىر گېپىڭنى قىل، يارىم،
شېرىن جېنىم ئاز قالدى.

بارمىغاچقا، كەلمىگەچكە،
يار مېنى دىۋانە دەر.
بېشىدا پەرۋانە بولسام،
ساق ئەمەس مەستانە دەر.

بېغىڭغا كىرەر بولساڭ،
قولۇڭغا پانار ئالغىن.
شەھىرىڭگە مۇساپىرمەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

ئات مىنىپمۇ ئۆتكەنسەن،
تون كىيىپمۇ ئۆتكەنسەن.
ئىچىمدىكى دەردلەرنى
بۇ ناخشامدىن بىلگەنسەن.

يارىمنىڭ ئېتى زۆھرا،
قولىدا يوغان كورا.
سىنىڭ دەردىڭدە مەن ئاغرىق،
بەرمىسەڭ ماڭا دورا.

ئۈجمىلەر پىشىپ قاپتۇ،
تاراڭگىدە قاقساڭچۇ.
رەڭگىم زەپىران بولدى،
يار، ھالىمغا باقساڭچۇ.

سەن بەرگەن چىمەندوپپا
يانچۇقۇمدا قاتلاقلىق.
سەن ئۆزۈڭنى دەڭسەپ باق،
مېنىڭ بىلىم باغلاقلىق.

ئاق مەسچىتكە بورا سالدىم،
كۆك مەسچىتكە جايناماز.
قارا كۆزنىڭ ئىشقىدا
يورغىلايدۇ مەتنىياز.

چاي ئەكەلدىم سوۋۇتۇپ،
كۆيمىسۇن دەپ تىللىرى.
قىلسام شۇنچە ياخشىلىق،
ئېرىمەمدۇ دىللىرى؟

تۇتۇپ بېرەي تۇمۇچۇق،
قەپەستە بېقىۋالغىن.
ئۆمۈرلۈك بولاي جانان،
باغرىڭغا يېقىۋالغىن.

ئالما ئاتسام ھويلاڭغا،
تۇتۇۋالدىڭ ئېتەكتە.

مېنى مەپتۇن ئەيلىدىڭ،
ئوتنى سېلىپ يۈرەككە.

سەپەر قىلدىم تۇرپانغا،
ئاستانىنى كۆرەي دەپ.
رەسىمىڭنى ئېپ قالدىم
كۆزلىرىمگە سۈرەي دەپ.

شايى ئېشتان تار ئىشتان،
كىيگۈلىرى كېلەرمۇ؟
سىلى كادىر، بىز دېھقان،
سۆيگۈلىرى كېلەرمۇ؟

ئۈچقۇر ئېتىم بولمىسا،
مەنزىلگە يېتەلمەيمەن.
كۆڭلۈم چۈشكەن يارىمنى
تاشلاپمۇ كېتەلمەيمەن.

ھويلاڭدىكى ئۈجمەڭنى
قىبلە تامغا پاسىل قىل.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
مۇرادىمنى ھاسىل قىل.

ئاق پىيازنىڭ پوستى مەن،
قىزىل پىيازنىڭ پوستى مەن.
بىر مەلىدە چوڭ بولغان
قارا قاشنىڭ دوستى مەن.

بېشىدىكى دوپپىسىنى
ناۋاتتا ياتلىغان يارىم.
ماڭا قىلغان ۋەدىسىنى
يورەكتە ساقلىغان يارىم.

يايلاق ئىكەن تاشقورغان،
مايسىسىغا مال تويغان.
مېنىڭ بىر نىگارىم بار،
لەۋلىرىگە خال قويغان.

قولۇمدىكى گۈلدەستە،
سەن ئېگىزدە، مەن پەستە.
بىز ئىككىمىز ئوينايلى،
تا ئۆلگۈچە ھەۋەستە.

ئاسماندىكى جۈپ قۇش بىز،
خېنىم، دەردىڭدە بىھوش بىز.
مەيلىڭ بولسا كەل، يارىم،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بىز.

قاغىلار قارا بولۇر،
قاناتلىرى ئالا بولۇر.
مەن يارىمنى تاشلىسام،
يۈزلىرىم قارا بولۇر.

مەرەمنىسا ئوبدان بالا،
ئەجەب ئوقۇيدۇ ناخشىنى.

ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بار،
تاللاپ سۆيەر ياخشىنى.

قاشلىرى بەرگى قىياق،
يۇزلىرى خۇددى ئانار.
سەن ئۇچۇن شەيدا ئۆزۈم،
مەرەمنىسا كۆزى خۇمار.

ئۆستەڭ بويىدا تاللار،
ياپراقىدا مارجانلار.
يارىم بىلەن كۆرۈشتۇق،
ئەمدى يوقتۇر ئارمانلار.

گۈل تېرىدىم باھاردا،
تەشتەكلەرگە تولدۇرۇپ.
لەۋلىرىمگە سۆيدۈڭسەن،
قۇچاقىمدا ئولتۇرۇپ.

باغقا كىرىپ ئۆرۈك يەڭ،
باغنىڭ مېۋىسى بىزنىڭ.
مېنى دېسىڭىز ئەگەر،
جاندىن بۆلىكى سىزنىڭ.

بۇغدايلىقتا ماڭغاندەك،
يۇلغۇنلۇقتا ماڭمايمەن.
سەن يارىمغا كۆيگەندەك،
ھېچ كىشىگە كۆيمەيمەن.

يارىم بەرگەن پاڭچۇنى
كۆڭلەك تىكىپ كىيگۈم بار.
مېھرىبان قارا كۆزنى
ئۆمۈرۋايەت سۆيگۈم بار.

يارىم، مەن سېنى باشتا
گۈللۈك باغچىدا كۆرگەن.
سەندىن ئايرىلالمايمەن،
ئۆزۈم ئارزۇلاپ سۆيگەن.

بىر موللاقچى كەپتەرنى،
كەپتەرۋاز تۇتۇپ كەلدى.
لەۋەنلىك قىلىپ يارىم،
كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ ئالدى.

چىلگىلەر پىشىپ قاپتۇ،
چۆنەكتىكى پىلەكتە.
سەن سورىما، مەن ئېيتماي،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

ئاق ياغلىقمۇ توقۇيمەن،
كۆك ياغلىقمۇ توقۇيمەن.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
شۇڭا غەزەل ئوقۇيمەن.

قىزىلگۈل دېگەن نەرسە
بېھىشتىن چىققان نەرسە.

ئۆرۈك ئىرغىتىپ بەرسەم،
يارىم قولىدا تەۋسە.

كېچە يېتىپ چۈش كۆردۈم،
تولۇن ئاي قولۇمدا دەپ.
ئاھ، دەپ ئويغىنىپ كەتتىم،
پاھ، يۈرىكىم كۆيدى دەپ.

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
سىكىلەكنى يېتىلەپ.
سۆيۈۋالدىم گۈللۈكتە
سىكىلەكنى مىكىلەپ.

يىل بېشى نورۇز كۈنى،
مەن جىڭلاپ ھاراق ئىچتىم.
ئىشق ئوتى يامانكەن،
تۈنلەردە كۆيۈپ پىشتىم.

ئۆستەڭ بويىدا كۆردۈم
خەقلەر سالغان كۆۋرۈكنى.
مەن ئۆزۈمچە كۆيگەنمۇ،
يارىم ساپتۇ كۆيۈكنى.

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئاڭا كۆيىدۇ بۇ جان.
كىيگەن كۆڭلىكى پاڭچۇ،
بويىندا قاتار مارجان.

باغقا كىردىم باغلىققا،
گۈلنى ئۈزدۈم ياغلىققا.
ئۆلگۈچە خۇمارىم بار،
سىز يارىم، چىرايلىققا.

تاماكا سالاي دەيدۇ،
خالتىنى ئاچالمايدۇ.
بىر سۆيۈپ قوياي دەيدۇ،
خالىي جاي تاپالمايدۇ.

تاغقا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قۇرغۇي بالىسى بار ئۈچۈن.
ئوتقا سالسا كۆيمەستىم،
ئوتسىز كۆيدۇم يار ئۈچۈن.

ھاۋا ھاۋادىن ئاشتى،
بۇلۇت سامادىن ئاشتى.
قىزغا مەيلىم بار ئىدى،
جۇۋان قوينىنى ئاچتى.

يارنىڭ بېغىغا كىرسەم،
ئالما تۇگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە قىز ئىدى،
قايرىپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.

جىنەستەيۇ جىنەستە، گۈلمەرەم،
بىزنىڭ باغدا جىنەستە، گۈلمەرەم.

سەن يارىم چىرايلىقتا، گۈلمەرەم،
تىزىپ كەلدىم گۈلدەستە، گۈلمەرەم.

ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن، گۈلمەرەم،
يەلپۈنەر ئەجەب بەلەن، گۈلمەرەم.
ۋاقتىدا يارالمىدىم، گۈلمەرەم،
مەن يارغا نېمە دەرمەن، گۈلمەرەم؟

بارغۇم بارۇ بارغۇم بار، گۈلمەرەم،
يار قېشىغا بارغۇم بار، گۈلمەرەم.
ناخشامغا قېتىۋېلىپ، گۈلمەرەم،
يار كۆڭلىنى ئالغۇم بار، گۈلمەرەم.
كۆكىلەيۇ كۆكىلە، گۈلمەرەم،
مېنىڭ يۇرتۇم كۆكىلە، گۈلمەرەم.
سەن يارىمنىڭ بويىدىن، گۈلمەرەم،
ئېپار ـ ئەنبەر تۆكۈلەر، گۈلمەرەم.

ھەپتە دېگەن سەككىز كۈن، گۈلمەرەم،
ئۇنىڭ سەككىز تۈنى بار، گۈلمەرەم.
بۇلدۇقلىغان بۇلاقتا، گۈلمەرەم،
سەن يارىمنىڭ ئوتى بار، گۈلمەرەم.

بىر ئاي دېگەن ئوتتۇز كۈن، گۈلمەرەم،
ئۇنىڭ ئوتتۇز تۈنى بار، گۈلمەرەم.
راۋابىمنىڭ قارنىدا، گۈلمەرەم،
سەن يارىمنىڭ ئوتى بار، گۈلمەرەم.

بىزنىڭ يۇرتتا تاش تولا، گۈلمەرەم،
تاشتىن تولا ئاش تولا، گۈلمەرەم.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا، گۈلمەرەم،
ئۆيلەنمىگەن ياش تولا، گۈلمەرەم.

ئاتۇش دېگەن ئوبدان يۇرت، گۈلمەرەم،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى، گۈلمەرەم.
گۈلمەرەم دەپ ئۇنلەيدۇ، گۈلمەرەم،
راۋابىمنىڭ تارىسى، گۈلمەرەم.

قاپاق تېرەك تۇۋىدە، گۈلمەرەم،
سەگىدەمسەن، گۈلمەرەم ـ گۈلمەرەم.
ئەتراپىمدا لاچىندەك، گۈلمەرەم،
ئەگىي دەمسەن، گۈلمەرەم ـ گۈلمەرەم.

ئىشىك ئالدى چىغىر يول، گۈلمەرەم،
ماڭسام ئايىغى سازلىق، گۈلمەرەم.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن، گۈلمەرەم،
سەن يارىم لەۋەن نازلىق، گۈلمەرەم.

قۇرغۇيۇڭ بولاي، يارىم،
قولۇڭغا قوناي، يارىم.
ئۆزگە يارىڭ بولمىسا،
مەن يارىڭ بولاي، يارىم.

قاشلىرىڭ قارا ئىكەن،
كۆزلىرىڭنى كۆرسەم مەن.

كۆزۈڭگە قاراپ تۇرۇپ،
لەۋلىرىڭگە سۆيسەم مەن.

ئون قولۇڭدا ئون ئۈزۈك،
ئونىلىسى ياقۇت كۆز.
دۈشمەن قىلسا قۇرۇق سۆز،
ئايرىلمايلى، خۇمار كۆز.

راۋابىمنىڭ تارىسىنى
چوقۇۋالدى تۇمۇچۇق.
كېلىڭ، يارىم، ئوينايلى،
سىز چىرايلىق، مەن ئوچۇق.

راۋابىڭنى ئالساڭچۇ،
بىرىپ چۆللەردە چالساڭچۇ،
دەردىڭنى تولا تارتتىم،
مېنى قوينۇڭغا ئالساڭچۇ.

ئۈنچىنى مارجانغا قوشتۇم،
تەسۋىيىم تولغايمۇ دەپ.
چىن كۆڭۈلنى ساڭا بەردىم،
ئاشنا بولغايمۇ دەپ.

ئاللا ـ ئاللا روزىلەم،
قوينىڭ بالىسى قوزىلەم،
ئاللا ـ ئاللا روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

روزىلەم دەيمۇ سېنى،
قوزىلەم دەيمۇ سېنى؟
باغدا باققان پاقلىنىمدەك
ئۆلتۇرۇپ يەيمۇ سېنى؟

دۇتارنى ئېلىپ قويۇپ،
پەدىسى يوق چالمىدىم.
ئۆز ئانامنىڭ يوقىدىن،
روزىلەمنى ئالمىدىم.

روزىلەم ئوبدان بالا،
شاتاۋاردا كۆڭلىكى.
تەڭ سوقۇشقان ئەمەسمۇ،
ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى.

روزىلەمنىڭ هويلىسى
چوقچىدىكى كەڭلىكتە.
روزىلەمگە كۆيدۈم دەپ،
ئەمدى قالدىم تەڭلىكتە.

باغ ئىكەنۇ باغ ئىكەن،
ئەنجان تاملىق باغ ئىكەن.
روزىلەمنى ماڭا بەرسە،
بويى بويۇمغا چاغ ئىكەن.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى
تاپالمىدىم، ساپالمىدىم.

روزىلەمنىڭ دەردىدە
تولغىنىپ ياتالمىدىم.

سۇغا چىقتىم كۆلچەككە،
كۆزۈم چۈشتى ئۆردەككە.
ئۆمرۈم بويى كۆيمەسمەن،
روزىلەمدىن بۆلەككە.

يۇقىرىدىن كەلگەنسەن،
جىگدىگە يۆلەنگەنسەن.
مېنى قىيناپ، روزىلەم،
نېمىشقا تۆرەلگەنسەن؟ !

روزىلەمنىڭ ئۆيىگە
كۈندە بارغۇم كېلىدۇ.
روزىلەمنى گۈل قىلىپ
قىسىۋالغۇم كېلىدۇ.

ئايمۇ چىقىپ ئۆرلەيدۇ،
كۈنمۇ چىقىپ ئۆرلەيدۇ.
مېنىڭ تارتقان دەردىمنى
خەلقئالەم بىلمەيدۇ.

روزىلەمنىڭ مەلىسى
ئېگىز يارنىڭ بويىدا.
ھەيران قالار خالايىق،
ئىككىمىزنىڭ تويىغا.

ئانامدىن رازىلىق ئالدىم،
دادامدىن رازىلىق ئالدىم.
سېنىڭ ئىشق ـ پىراقىڭدا،
گويا گۈلخان بولۇپ ياندىم.

يۈزۈڭدىن ئاي خىجالەتتە،
لېۋىڭدىن غۇنچە ھەيرانە.
ھۆسنۈڭگە قۇياش مەپتۇن،
مەن دەردىڭدە ۋەيرانە.

شەمۇشەگە داغ كەتكەن
گۈلئايىم، سەن چىرايلىق.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالسام،
بىلىۋاپتۇ خالايىق.

ھاۋامۇ، ھاۋامىدۇ،
دەردكە غەم داۋامىدۇ؟
قىز ئۈچۈن يىگىت ئۆلمەك،
شەرىئەتتە راۋامىدۇ؟

يارىمنىڭ ئېتى ئايىم،
گەپ ـ سۆزلىرى مۇلايىم.
گۈل قىلىپ قىساي دەيمەن،
نېسىپ قىلسا خۇدايىم.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما
شاختا مەي بولۇپ پىشقان.

يارىم بىلەن ئىككىمىز
باغ ئىچىدە تونۇشقان.

ئالما بەرمىدىڭ دەيسەن،
بەرسەم كىم بىلەن يەيسەن؟
كۆيۈك ئوتى يامانكەن،
تاشلىۋەتسەم يىغلايسەن.

ئاتۇشنىڭ ھاۋاسىدا
ئەنجۇر، ئانار تەمى بار.
ئاتۇش ئوغۇل ـ قىزىنىڭ
ھەممە ئىشتا پەمى بار.

ئاتۇشتا نېمە ياخشى،
خۇش نەغمە ـ ناۋا ياخشى.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ
دەردىگە داۋا ياخشى.

يارنىڭ ئېتى رەيھانمۇ،
چېچى سۇمبۇل بوستانمۇ؟
سۆزلىرى ئەجەب تاتلىق،
ھەسەل ـ ناۋات قوشقانمۇ؟

شېرىن ـ شېكەر ئالمىنى
چىنە تەخسىگە ئالدىڭىز.
ئىچىمدىكى بۇ ئوتنى
قانداق چاغدا سالدىڭىز؟

يارىمنى كەپتۇ دېسە،
ئالدىرايمەن كۆرگۈچە.
يارىم مېنى يارىم دېسە،
تاشلىمايمەن ئۆلگۈچە.

ئاتۇشۇڭنىڭ يولىغا،
جىرىم قويدۇم بويىغا.
خۇدايىم سېلىپ قويدى،
قەلەم قاشنىڭ كويىغا.

كېچىمۇ كېچە بولسا،
كۈندۈزمۇ كېچە بولسا.
ئىككى يار تېپىشقاندا،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا.

كۆيۈپ قالدىم قوي كۆزگە،
قوي كۆزنىڭ گېپى ئۆزگە.
قانداق قىلىمىز ئەمدى،
ئوتتۇرىدىكى گەپ ـ سۆزگە؟

ياخشى يارنىڭ يارىمەن،
كۆڭلىدىكى بالىمەن.
مېنى سۆيگەن شۇ يارنىڭ
مەڭزىدىكى خالىمەن.

ئۈزۈم پىشتى بېغىمدا،
ئەنجۈر پىشتى بېغىمدا.

ئايگۈل بىلەن كۆيۈشكەن
قوشنا بولغان چېغىمدا.

يارنىڭ كۆڭلىكى ئەتلەس،
يارىشىپتۇ بويىغا.
خۇدايىم سىلىپ قويدى،
قارا قاشنىڭ كويىغا.

يۇقىرىغا بېرىشىم بار،
ناخشا ئېيتىپ يېنىشىم بار.
ئۆزگە يارنى كۆرگەندە،
قاراپ قويماي كېتىشىم بار.

قىزىلگۈل بولۇپ كەلدىم،
چېكەڭگە تېگىشۋالغىن.
باغدا بىللە ئوينايلى،
ئارزۇغا قېنىشۋالغىن.

*　　*

ئاللا، خالىدەم،
هاممامنىڭ قىزى.
مەن ئالاي دېسەم،
خوش دېگەن ئۆزى.

ئاللا، خالىدەم،
بىلەمسەن ئۆزۈڭ.

يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
ناۋاتتەك سۆزۈڭ.

كىيمۋاپسەن، خالىدەم،
مەنپۇ بۆكەڭنى.
يۈرىكىم سوقتى، خالىدەم،
ئاڭلاپ كۈلكەڭنى.

يارىشىپتۇ، خالىدەم،
سۈمبۈل چاچلىرىڭ.
تارتىۋالدى مەيلىمنى
قەلەم قاشلىرىڭ.

هويلاڭغا هەر خىل
گۈللەر تېرىۋاپسەن.
قوللىرىڭغا، خالىدەم،
خېنە يېقىۋاپسەن.

ئالدىڭدىن قاراپ،
قېشىڭغا كۆيدۈم.
ئارقاڭدىن قاراپ،
چېچىڭغا كۆيدۈم.

ئويلاپ باققىن: بىز باشتا،
نېمە ـ نېمە دېيىشكەن؟
«ئالىمەن»، «تېگىمەن» دەپ
ۋەدە بېرىشكەن.

خالىدەم، ساڭا
كۆيگىنىم كۆيگەن.
باشتا سۆيگەن لەۋلىرىڭگە
سۆيگىنىم سۆيگەن.

*　　*

پېشايۋاندا ئولتۇرسام،
كىم ئۆگزىدىن ئېڭىشكەن؟
بۇ دۇنيادا بارمىدۇر،
زىۋىدەمدەك كېلىشكەن؟

تاغقا چىقتىم تاياقسىز،
باغقا كىردىم ئامالسىز.
بىر گېپىم بار، زىۋىدەم،
بىر قايرىلىپ قارامسىز؟

يانتاق چېپىپ شورلۇقتا،
يېرىۋالدىم پايىنى.
ئارتىۋالدىم ئۆشنەمگە،
بەش يىل كىيگەن چاپاننى.

ئېگىز تاغقا چىققۇچە،
لايغا پاتتىم تىزغۇچە.
زىۋىدەم دەپ ياشايمەن،
جان تېنىمدىن چىققۇچە.

ئالا ئاتنىڭ قاشقىسى،
قارا ئاتنىڭ قاشقىسى.
يۈرىكىمگە پاتمىدى
زېۋىدەمدىن باشقىسى.

ئۆرۈكلەر چېچەكلەپتۇ،
شاخ ـ شېخىدا ھۆپپىدە.
يېقىن بارسام زېۋىدەم،
يىراپ كەتتى گۈپپىدە.

كېچە ـ كۈندۈز، زېۋىدەم،
بولدۇم ساڭا دىل خۇمار.
كۆز تەگمىسۇن بويۇڭغا،
ئېسىۋالغىن تىلتۇمار.

يارىم بارۇ يارىم بار،
يانچۇقۇمدا قەنتىم بار.
سەن يارىم قارا كۆزدىن
ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

*　　*

دەريا بويى بېدىلىك،
تۆت ئەتراپى سېدىلىك.
ھېچ كىشىگە ئوخشىماس،
مېنىڭ يارىم مەززىلىك.

ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
ئالاي كۆڭلۈڭنى.
سىنىڭ ئۈچۈن ئاتاپ قويدۇم،
پۈتكۈل ئۆمرۈمنى.

ياخشى يارنىڭ ئوتى قىلدى،
باغرىمنى كاۋاپ.
ئىشق ئوتىدا ئۆلۈپ كەتسەم،
بولامدۇ ساۋاب.

ياخشى يارغا يېتەلمىدىم،
ئەمدى نىتەي مەن؟
بۇ دۇنيادىن يار - يار دەپ،
ئۆتۈپ كېتەي مەن.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۈگەپ كەتتى يېمەستە.
ئىچىمدە دەرد ھەم گەپ تولا،
ئىلاجىم يوق دېمەستە.

جىنەستەيۇ جىنەستە،
بىزنىڭ باغدا جىنەستە.
يارغا ئاتاپ بېغىمدىن،
تىزىپ قويدۇم گۈلدەستە.

جىنەستەيۇ جىنەستە،
يار ئېگىزدە، مەن پەستە.

يارغا يار كېرەك بولسا،
كۈندە ئالىدۇ ئەسكە.

جەننەتتە دېگەنبىلەن،
ئېگىلمەيدىكەن پەسكە.
بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى،
يارنى كۆردۈم بىر پەستە.

يارنىڭ ئېتى جەننەتتە،
مېنى سالدى كۆرمەسكە.
يۈرەكتىكى سىرىمنى
ئىلاجىم يوق دېمەسكە.

چۆرۈلۈپمۇ ئوينايسىز،
ئۆرۈلۈپمۇ ئوينايسىز.
شۈنچە خەقنىڭ ئالدىدا،
كىمگە قاراپ تويمايسىز؟

دۇتارىما دۇتارىم،
سايرا مېنىڭ دۇتارىم.
ئالتە كۈنلۈك ئالەم بۇ،
ئوينىۋالىلى، يارىم.

بېشىڭدىكى رومالدىن
كېسىۋالاي تۇمارلىق.
كەلگىن، يارىم، ئوينايلى،
سۆيۈۋالاي خۇمارلىق.

هاۋادىكى بىر قۇشمەن،
كەلگىن، يارىم، بىھوشمەن.
سەن قەدرىمنى بىلمەيسەن،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشمەن.

بېغىمدا ئەنجۈرۈم پىشتى،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مېنى يەنە قاقشاتما،
كىرتىپ دۈشمەن كەينىگە.

ئېتىزلىقتا دانلايدۇ،
ئاق كەپتەر بىلەن پاختەك.
كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ،
جاھاندا كىشى يوقتەك.

ئىشىك ئالدى ئاق تېرەك،
ئەجەب قونمايدىكەن قاغا.
بىزگە سالغان بۇ ئوتنى
خۇدا سالمايدىكەن يارغا.

ئىشىكىڭدىن ئۆتكەندە،
پوڭ - پوڭ قىلىسەن گەپنى.
كۆيۈشكەندە تەڭ كۆيگەن،
بىللە تارتىلى دەردنى.

بۇگۈن ئاخشام چۈشۈمدە،
يارىم بىلەن قاتىلىپ.

ئالتۇن ئوخشاش قوللارىڭ
بويىنۇمغا گىرە سالىپ.

تەمەدە تۇتقان جورام،
ئىزدەپ يۇرسەم تاپىلىپ.
ئاغزىڭدا تۇۋاق بارمۇ،
گەپ ـ سۆز كەلمەيدۇ سەندىن؟

يۇرەك ـ باغرىم ئېزىلدى،
ئوتتۇڭنى ئالغىن تەندىن.
ئۆز مەيلىڭچە يول يۇرۇپ،
ئاغرىنما، يارىم، مەندىن.

ھەيدىسەممۇ ماڭمايدۇ،
خاۋارىچىنىڭ كالاسى.
كۆز ئۇچۇڭنى سىلىپ قوي،
بىزمۇ ئادەم بالاسى.
ئەمدى قاچان ساقىيار،
بۇ يۇرەكنىڭ ياراسى؟

قانات بەرسە خۇدايىم،
ئۇچار ئىدىم سەن بىلەن.
ئاداشىڭ بار يېنىڭدا،
كارىڭ يوقمۇ مەن بىلەن؟
بۇنداق قاراپ تۇرغۇچە،
بىللە باراي سەن بىلەن.

ئۇنچە ـ مارجان تىزغاندەك،

ئاغزىڭدىكى چىشلىرىڭ.
ئىچىمنى قان قىلادۇ،
سىنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭ.
بارسام خاپا بولىسەن،
كۆرمەيمەن كۈلۈشلىرىڭ.

مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
لام ـ جىم دېمەي تۇرامسەن؟
ئىچىمگە توشتى ئوتۇڭ،
ئەي مەلىكەم، بىلەمسەن؟

قارا بۇلۇت تارقىتاي،
سايە بولسۇن يولۇڭغا.
يۈرىكىمنى ئۈتقۈزاي،
چىراغ بولسۇن قولۇڭغا.
كۆل بويىغا كېىپ تۇرغىن،
كىرىشۇالماي گۆرۈڭغا.

كېچە ـ كۈندۈز تىلەيمەن،
يارىم بولسۇن سالامەت.
مەلۇملۇقتۇر تەڭرىگە،
ئالەمدىكى ئالامەت.
ۋەدەڭگە قاراپ قالدىم،
ئەمدى كۆرسەت كارامەت.

كۆلدە يۈرگەن ئۆردەك ئەمەس غازىمەن،
ئوتقا سېلىپ تاشلىغۇەتسەڭ رازىمەن.

توختىماستىن قوشۇپ قوشاق ناخشامدا،
خاتىرەمگە نومۇر قويۇپ يازىمەن.

سەپەر قىلدىم يىراققا كارۋان بولۇپ،
سېنى سۆيۈش مەن ئۈچۈن ئارمان بولۇپ.
مېھرىبانىم، دوست ـ دۈشمەننىڭ ئىچىدە،
يار بولامسىز، بۇ دەردكە دەرمان بولۇپ؟

ئەجەب كۆلدۈك بۇلبۇل ئوخشاش قاقاقلاپ،
غېرىبلىقتا مەيدەمنى ئوتقا قاقلاپ.
نېمە ئۈچۈن كارىڭ بولماي يۈرىسەن؟
قىزىلگۈلۈم، يۈرىمەن خاتىرە ساقلاپ.

مەن شورىسام لېۋىڭ تاتلىق ھەسەلدىن،
سەن چىرايلىق ماڭا مەلۇم ئەزەلدىن.
ساڭا مەيلىم بارلىقىنى بىلدىڭمۇ،
سېنى ماختاپ ئېيتىۋاتقان غەزەلدىن؟

تاھىرجاندەك ساندۇقتا ئۈچ يىل يېتىپ،
سېنى ئەسلەپ ياشىم دەريادەك ئېقىپ.
قىزىلگۈلۈم، ئانچىلىك كۆڭلۈڭ بولسا،
كېتمەنغۇ يۈرگەن جايىڭنى تېپىپ.

كىيىۋاپسەن قىزىل تاۋار كۆڭلەكنى،
كاۋاپ قىلما ساڭا كۆيگەن يۈرەكنى.
ئاقسوپىدا ئاشىق بولدۇم بىر ساڭا،
خىيالىمغا كەلتۈرمەستىن بۆلەكنى.

قىزىلگۈلۈم، يۇرتنىڭ ياخشى سەردارى،
مەن غېرىبنىڭ بارمىكىن خېرىدارى؟
دۈشمىنىڭدىن قورقماس بولساڭ يولغا چىق،
قىزىلگۈلۈم، قېنى بولساڭ مەردانى.

مېنىڭ قەلبىم بىر ساڭىلا باغلانغان،
كۆرسەڭ مېنىڭ يۈرەك - باغرىم داغلانغان.
دىلنى ئۆرتەپ كۆيۈپ - پىشىپ يۈرسەممۇ،
بۇ سىرلىرىم يۈرىكىمدىن ساقلانغان.

قىزىلگۈلۈم، سېنى ساقلاپ دىلىمدا،
ئېيتالمىغان كەلگەنىمدە قېشىڭغا.
پايلاپ تۇرغان دۈشمەنلىرىم بولغاچقا،
يار - يۆلەكتە بولالمىدىم ئىشىڭغا.

دائىم ئۆتتۈم غەم بىلەن،
سېنى سۆيسەم پەم بىلەن.
ياتقا بەرمەي كۆڭلۈڭنى،
ئۆتسەڭ قانداق مەن بىلەن؟

كۈلۈشلىرىڭ بۇلبۇل ئوخشاش قاقاقلاپ،
يۈرىكىمنى ئەجەب سىقتى قاماللاپ.
باغرىڭ تاشمۇ، سەن يۈرسەن قارىماي،
قىزىلگۈلۈم يۈرىمەن سېنى ساقلاپ.

ئۈزۈلمەيدۇ خۇدايىمنىڭ تاناسى،
خىيال قىلغىن سەن دېگەن كىم بالاسى؟

يېڭىدىن بىر قارچىغا قوشلاپسەن،
شۇ بولدىمۇ كۆيگىنىمنىڭ داۋاسى؟

ئىككى ئويناش بىر ـ بىرىنى چاغلىسا،
بىر ـ بىرىنى دەرد ـ ئەلەمگە قويمىسا.
قىزىلگۈلۈم، سەندىن كۆڭلۈم كەتمىدى،
قانداق چىداي كۆزۈم ساڭا تويمىسا.

يار ئوتۇڭدا كۆيۈپ بولدۇم ئارامسىز،
بىرەر قېتىم چىرايىمغا قارامسىز؟
ئەۋۋەلدە ئاشنا ئويناپ ئۆزىڭىز،
ئەمدىلىكتە، يارىم، مەندىن چانامسىز؟

كۆللەردە بېلىق تۇتۇپ،
مەن يارغا سوۋغات قىلاي.
ئوتۇڭ چۈشتى يۈرەككە،
ئەمدى مەن قانداق چىداي؟

خۇشامەتتە ئۇچۇردۇڭ ئاغزىڭ يەلدە،
دەردلىرىڭدە كىيگىنىم كۇلا ـ جەندە.
بېرى كەلگىن، مۇڭدىشايلى، ئاق خېنىم،
چىقالمىدىم، ئوتۇڭ كۆيەر بۇ تەندە.

بۇلبۇل بولۇپ شاخىڭغا قوناي،
بېلىق بولۇپ قۇچاقىڭدا بىر ئويناي.
قىزىلگۈلۈم ئەقلى كىچىك بالادۇر،
ئەلچى قويسام ماڭا كۇلۇپ قارىماي.

ئاغزىڭ، قولۇڭ تەڭ كېلەدۇر دۇتارغا،
قانداق چىداي يارىم سالغان ئوتلارغا.
ئايرىلىشماي ئۈينايلى، قىزىلگۈلۈم،
ئۆلگە بولسۇن بىزدىن قالغان ياشلارغا.

كىيگەن ئىگىن - كۆڭلەكلىرىڭ سۆسىنە،
ئالەم يوروپ قاش - كىرپىكىڭ روشىنە.
شۇنداق تۇروپ يېقىن كېلىشنى بىلمەي،
ناۋات خانىم، مەن غېرىبنى سۆيسىنە.

يالغۇز يۈروپ دەردىڭ چۈشتى باشىمغا،
چۆل - قۇمدىمۇ بالا بولدى باشىمغا.
قىزىلگۈلۈم، ئەقىدەمنى بىلەمسەن؟
بىرەر ۋاخلىق كېلىپ تۇرغىن قاشىمغا.

ئالەمدە يوق ئۆزلەرى،
بەكمۇ شېرىن سۆزلەرى.
چىم بۇلاقتەك كۆزلەرى،
ئالسام سىلىنى، ئەي نازىگۈل.

ئېگىز تاغدىن چۈشكەن سۇ،
توختاپ قالدى ئېقىندا.
سەھەر تۇروپ ئاڭلىسام،
ئۈنۈڭ چىقتى يېقىندا.
قانداق چىدار يۈرىكىم،
تۇرساڭ تارىم بېغىدا؟

ئۈنچە - مارجان چېچىلدى،
قولۇم يەتمەي تېرىشكە.

ھەمراھىمغا قوشقانلار،
ئۆلسە كىرەر بېھىشكە.
قاچانمۇ تاڭ ئاتاركىن،
يارغا قولنى بېرىشكە؟

تالا ـ تۈزگە چىقمايسەن،
تاناڭ بارمۇ پۇتۇڭدا؟
چىدىغىلى بولمايدۇ،
ئاق پاقلانىم، ئوتۇڭدا.
بېشىم كەتسىمۇ مەيلى،
كۆچۈپ كېلەي يۇرتۇڭغا.
دەرياغا توراق قىلاي
يارنىڭ سۇمبۇل ساچىنى.
تاغاق بېرەي مەن يارغا،
تارىۋالسۇن باشىنى.
تۈن كېچىدە كۆرىمەن،
يارنىڭ ئاتقان قاشىنى.

بۈگۈن ئاخشام ئېيتقان شۇ شوخ كۈيۈڭنى،
يېقىن بولسام ئاڭلايتتىم مەن ئۈنۈڭنى.
قىزىلگۈلۈم، خىزمەتكە ئالۇر بولساڭ،
خۇشاللىقتا ئۆتكۈزەتتىم كۈنۈمنى.

سۈتكە ئوخشاش ھالقا سالغان بىلەكىڭ،
ساپ ئىشقىڭدا كۆيۈپ كەتتى يۈرەكىم.
كېچە ـ كۈندۈز نىيەت قىلىپ يۈرىمەن،
بىرەر قېتىم ھەل بولارمۇ تىلەكىم؟

ئويلىسام، دەردىڭىزنى بەش يىل تىلوتتىم،
ئاغرىپ قىلىپ ئۆيۈمدە ئۇزۇن ياتتىم.
يالغۇز ئۆيۈم ماڭا بىر دوزاخ بولدى،
دەرد ـ ھالىمنى بىلشۇن دەپ قوشاق قاتتىم.

سىزنى ئەسلەپ غېرىبلىقتا ئۆتىمەن،
ئۆمۈر بويى سىز يارىمنى كۈتىمەن.
سىزنى تاشلاپ باشقىلارنى يار تۇتسام،
خۇدايىمدىن ئۆلۈمۈمنى كۈتىمەن.

توخۇ چىللاپ تاڭ نىمىشقا ئاتمايدۇ،
غېرىب كۆڭلۈم ساڭا ئەسلىي قانمايدۇ.
ئاشىق بولۇپ، ئەي جانانىم، بىر ساڭا،
غېرىب كۆڭلۈم شۇل خۇداغا يىغلايدۇ.

ئۆتۈپ كەتتى يار ئېتىنى قامچىلاپ،
قوشاق يازدىم ئۆز دەردىمنى قاچىلاپ.
سەن يادىمغا يەتكەندە، قىزىلگۈلۈم،
يېشىم ئاقار دەريا بولۇپ تامچىلاپ.

«ئاھ» دېگەنگە كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ،
سېنى كۆرمەي مېنىڭ كۆڭلۈم قانمايدۇ.
جىم ئولتۇرۇپ ئۇزۇننى خىيال قىلسام،
ئوتلۇق قەلبىم ھەرگىز سەندىن يانمايدۇ.

سەنكى مېنىڭ دىل ئايىم،
ساڭا يەتمەس ھېچ ئاھىم.

ماڭا سالغان شۇ ئوتنى
ساڭا سالسۇن خۇدايىم.

سەن ئۇ قاتتا، مەن بۇ قاتتا قاراشىپ،
باسما كۆڭلەك تال بويۇڭغا ياراشىپ.
مەن دەريادىن ئۆتۈپ بارسام يارنى دەپ،
خان ـ ئايلالار مازاق ئەتتى خارلاشىپ.

باي بولمايدۇ رىيازەت چەكمىگۈچە،
ئاي بولمايدۇ ئىمارەت ئەتمەگۈچە.
ئايرىلماسقا ۋەدە بېرىپ ئوينايلى،
بۇ دۇنيادىن ئۆمرىمىز ئۆتمىگۈچە.

يىراق بوزغا تېرىدىم زاغۇن ـ زىغىر،
لىڭگىرچاقتا ئېشىكىم چىقتى يېغىر.
قىزىلگۈلۈم، كېسەلچان يۈرگىنىڭگە،
ئاقتى خۇن بوپ ئىچىمدە يۈرەك ـ بېغىر.

ئاخشام بارسام ئۆيۈڭگە،
ئوت كۆيۈپ ئوچاقىڭدا.
سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭ
ھەممىسى قورساقىمدا.
بېلىق بولۇپ ئوينايمەن،
يار، سېنىڭ قۇچاقىڭدا.

قىزىلگۈل سىياقىڭنى
نەمگە تېرىپ ئۇندۇرەي.
بىردەم ئولتۇر قاشىمدا،

مەن كۆزۈمگە سىڭدۈرەي.
دوستۇمدىن تولا دۈشمەن،
قانداق ئاچىلىپ كۈلەي؟

غېرىب بولۇپ يۇرگەندە،
كىم سورايدۇ ھالىمنى؟
قىزىلگۈلۈم، سەن ئۈچۈن،
ئاتاپ قويدۇم جانىمنى.
ئۆلسەممۇ ئۇنتۇماسمەن،
سېنىڭدەك مۇلايىمنى.

ئېشىكىم ھېرىپ قېلىپ،
ھەيدەپ كەلدىم پىيادە.
ھېچ كىشىگە كۆيمىدىم،
سىزگە كۆيدۇم زىيادە.
مېنىڭ سىزگە كۆيۈشۈم،
تەقدىر بىلەن ئىرادە.

تورغىيىم ئۆزۈڭ بىلگىن،
يالغۇز بىر ساڭا كۆيدۇم.
گەپلەرىڭ ئەجەب ئاچچىق،
قاچان باشقىنى سۆيدۇم؟
ساڭا ئىشەنچ قىپ يۇرۇپ،
قانچە يىل كۆڭۈل بۆلدۇم.

دېمەتلىكتە مەنلا غارىپ،
ئاتا ـ ئانامدىن خۇدا ئارىپ.

چىدىيالمىغايمەن سائڭا،
ئارقاڭدىن ئەگىشىپ پارىپ.
گۈل پۈرلىدۇ ئاغىلىڭدا،
ئىشىكىڭگە ئالما تارىپ.

كېچىسى خىيال قىلسام،
خىيالىم سېنىڭ بىلەن.
ئىشىكتە قاراپ تۇرسام،
ئويناشتىڭ يارىڭ بىلەن.
كۆڭلۈڭنى بىزگە بەرگىن،
ئوينايمەن سېنىڭ بىلەن.

ھارۋامنىڭ كەينىگە
ئېشىكمنى باغلىدىم.
بىر ئېغىز گەپنى قىلىپ،
يارىم، سېنى چاغلىدىم.
شۇ قىلغان گەپتىن كېيىن،
بەلنى مەھكەم باغلىدىم.

ئالمىخان دېگەن خاتۇن،
بوزەك ئەتمىگىن مېنى.
كېلىپ يۇرسەم مەلەڭگە،
يەپ كېتەرمەنمۇ سېنى؟
تاشا يۇرتلۇق ئىكەن دەپ،
تاشلىۋەتمىگىن مېنى.

مۇساپىر كۆرمە مېنى،
مەنمۇ يۇرەي مەلەڭدە.

ھەر ئادەم كۆڭۈل ئىلىپتۇ،
ئالما خېنىم، سايەڭدە.
كۆيۈك دەردى يامانكەن،
ئوينىۋالاي ئايەمدە.

قارا ئاتنى ئالدىم مەن،
تويلۇقۇڭغا سالغالى.
كەلدىم يىراق جارادىن،
ئۆز قولۇمغا ئالغالى.
تىل تورغىيىم يارىمنى
يۈرىكىمگە تاڭغالى.

ئۆلاپ قويسام تۇتمايدۇ،
يېڭى ئاۋاتنىڭ چىگەسى.
قوشاقنى ئۆزۈم ئېيتتىم،
بىلىۋالسۇن ئىگەسى.
كىرىپ ئۆتۈڭلەر ئۆيگە،
ئۆيۈم يولنىڭ چېكەسى.

دەردىڭىزدە يۈرەكىم بولدى پارە،
تورغاي خانىم، كۆيۈككە نېمە چارە؟
بىر سېنى دەپ مۇڭ چۈشتى يۈرەكىمگە،
مەھەللەڭدە بېشىمغا بولغىن سايە.

قاچانغىچە يۈرىسەن سايە بولۇپ،
ئۆخلاپ قالسام چۈشۈمدە پەيدا بولۇپ؟
بۇ كەمگىچە مەن سېنى بىلمەيتىمەن،
سېنىڭ ھۆسنۈڭ ھۆر قىزلاردىن تۇغۇلۇپ.

ئاتا ـ ئاناڭ ھۆر قىزلارنىڭ ئۆرۈقى،
سېنى كۆرمەي كىمنىڭ كېلۇر ئۇيقۇسى؟
بۇ قوشاقنى سېنىڭ ئۈچۈن چىقاردىم،
بىلىپ قالغىن، يەتتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇزى.

توساي دېسەم توسالمىدىم شۇ كالا،
كۆيگەنىمنى بىلمەدىڭ باغرى ئالا.
ئادەمچىلىك قاتارىغا ئالمادىڭ،
سىناپ باققىن بىزمۇ ھەم ئوغۇل بالا.

مەن يىغلىسام ئاھىم خۇداغا يەتمەي،
بىر يىل بويتۇ كۆڭلۈم سېنىڭدىن كەتمەي.
قىزىلگۈلۈم، دەرد كۆيۈكنى بىلەمسەن؟
ئوينايمەن ئۆلگۈچە كۆڭۈل بۆلمەي.

تۇزاق قويدۇم جاڭگالدىكى توشقانغا،
رەنجىپ كەتمە ئىشقى نەرى قوشقانغا.
ئاشىقلىقتا تەلمۈرىمەن بىر ساڭا،
خۇدا ئۆزى ئىككىمىزنى قوشقاندا.

غارىپ كۆڭلۈم ئەمدى قاچان يېشىلەر،
دەرد ـ ھەسرىتىم ئىچلەرىمدىن تېشىلەر؟
ئۆلۈپ كەتسەم سېنىڭ ئۈچۈن ياخشىمۇ،
مەن غارىپقا قاچانمۇ ئۆلۈم كېلەر؟

ئارامىزنى ئارا دېگەن خانىمنى،
سېنىڭ ئۈچۈن پىدا قىلاي جانىمنى.

سىنىڭمىغۇ ئەقلىڭ كىچىك بىرنېمە،
بىرەر ۋاقىتلىق سورىمايسەن ھالىمنى.

سەن يارىمدىن ئۈزگىنى
ھەرگىز ـ ھەرگىز سۆيمەيمەن.
سەن بەرمىسەڭ قەنت ـ ناۋات،
كىشى بەرسە يېمەسمەن.

مېنى ساڭا كۆيمەككە
خۇدا قىپتۇ ئىرادە.
دوزاخ ئوتىدا ھېچ جان،
كۆيمەس بۇندىن زىيادە.

قىزىلگۈلۈم، سەنمۇ بىر كەلسەڭ ئىدىڭ،
ئىچىمدىكى دەردىمنى بىلسەڭ ئىدىڭ.
ھەسرىتىم كۆپ ئىچىمدە ساڭا كۆيگەن،
كېلىپ، يارىم، ھالىمغا يەتسەڭ ئىدىڭ.

كەلدىم ساڭا يىراقتىن مېھمان بولۇپ،
سېنى سۆيۈش مەن ئۈچۈن ئارمان بولۇپ.
قىزىلگۈلۈم، دوست ـ دۈشمەننىڭ ئىچىدە،
ئۆتەلەمسىز دەردىمگە دەرمان بولۇپ؟

باسالمايدۇ ھېچ كىشى خۇمارىمنى،
ئېسىۋالاي غۇنچە گۈل تۇمارىمنى.
قانچە ـ قانچە مەلەڭگە باراي دېسەم،
لېكىن، يارىم، بىلمەيمەن خىيالىڭنى.

ئىزدەپ بېرىپ مەن يارىمنى تاپالماي،
سۇلار ئېقىپ كۆيۈك ئوتنى باسالماي.
قايتار بولدۇم مەن يۇرتۇمغا ئارماندا،
باغرى تاشتىن بىر ئېغىز سۆز تاپالماي.

مەن بارغاندا بانا قىلدىڭ كەپتەرگە،
موللا بولسام خەتلەر ئىدىم دەپتەرگە.
مېھرىبان يار، ئۈنچىلىك خاپا بولما،
ئېغىزدىكى چاقچاق قىلغان گەپلەرگە.
سەن يارنى دەپ كەلدىم قاتتىق سوغۇقتا،
ئۆيگە كىرسەم ئوتۇن كۆيەر ئوچاقتا.
تىل تورغىيىم، مۇبارەك قولۇڭ بىلەن،
بەرگەن چايىنىڭ تەمى قالدى گالچاقتا.

ھاۋادىن ئۇچۇپ چۈشكەن،
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن؟
قىزىلگۈلۈم، ئوتۇڭدا،
تارتقان دەردىم ئازمىكىن؟
باغرىمنى بېسىپ باققىن،
يارىمىكىن، ساقمىكىن؟

گۈلئايىم، سېنى دەپ مەن،
يۇرتۇمدىن يەنە كەلدىم.
بىر ئېغىز سۆز قىلمايسەن،
نومۇس قىلامسەن مەندىن؟
كۆڭلۈڭ نازۇك ئەجەبمۇ،
ئۆتسەڭچۇ گۇناھىمدىن.

شايى پوتام يوق ئۈچۈن،
بەلگە باغلىدىم ياغلىق.
كۆيدۈم دەيسەن، ئامرىقىم،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ چاغلىق.
مېنىڭ مۇنداق يۈرگىنىم،
قىزىلگۈل، ساڭا باغلىق.

بەندەلەرنى ئوخشاش قىلماي خۇدايىم،
ھەر كېچىسى سېنى چۈشەپ، خۇدايىم.
قىزىلگۈلۈم، ئوتۇڭدا تىرىك ئۆلسەم،
ئاخىرەتتە بولۇر ساڭا داۋايىم.

چىراغ ئوخشاش يورۇيدىكەن تەن بويۇڭ،
يارىشىپتۇ تورقىدىن كىيگەن تونۇڭ.
چاكار قىلىپ خىزمەتكە ئالۇر بولساڭ،
ئۆلگۈچەمدە توشۇيمەن ئوتۇن - سۇيۇڭ.

قارا كۆزۈم ساڭا قاراپ تويمىسا،
بىر ياخشىنى بىر ياخشىغا قاتماسا.
ئوت كۆيۈكتە جىگەر - باغرىم ئېزىلدى،
ساڭا ئويناپ غېرىب كۆڭلۈم قانماسا.

ئىشقىڭىزدا كۆزدىن ئاقىپ ياشلىرىم،
دەردىڭىزدە ئاقاردىغۇ باشلىرىم.
سىزنىڭ بىلەن ئۆمۈر بويى ئوينايمەن،
گۇۋاھ بولسۇن بۇ سۆزۈمگە خۇدايىم.

سىزنى ئەسلەپ كېچە ـ كۈندۈز، گۈل يارىم،
ئىشقىڭىزدا سەرسان بولدۇم ھەر دائىم.
دەردىڭىزدە كېچەلەرى ئاھ ئۇرسام،
سىز يارىمغا يەتكۈزەرمۇ خۇدايىم.

بۇلبۇل تۇرماي گۈل ئىشقىدا سايرايدۇ،
غېرىبلىقتا سىزگە كۆڭلۈم قانمايدۇ.
ئىشقىڭىزدا كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ئۇرسام،
يولسىزلىقىم سىزنى ماڭا قاتمايدۇ.

مەلىكەمنى ئاپىرىپ تون كىيدۈرسەم،
خىيالىمدا ئون مىڭ، يۈزمىڭ كۈلدۈرسەم.
ئەنتىك بولسا قىيامەتتە ئالۇرسەن،
قىزىلگۈلۈم، سەندىن باشقىنى سۆيسەم.

ئۈنەر بولساڭ ئالسام ئۈندۈرۈپ تارىپ،
تەقدىر شۇنداق، ۋاپادار ـ ياردىن ئايرىپ.
ۋاپادارىم بولساڭ ھەر ۋاقىت خالىي،
قۇچاقلىسام، سۆيسەم بوينۇڭدىن قايرىپ.

بۇلبۇل بولۇپ سايرايدىكەن بوستاندا،
كېلىڭ، يارىم، كۆرۈشەيلى ئاخشامدا.
بۇ زۇۋانىم كېلەر بولسا ناخشىغا،
كۆيلەر ئىدىم مەن يارىمنى ناخشامدا.

كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش
قوشۇلۇپتۇ تارىمغا.

كۆكتە پەرۋاز قىلاتتىم،
يېتىۋالسام يارىمغا.
جانىم كەتسە رازىمەن،
سەندەك ۋاپادارىمغا.

قىزىلگۇلۇم قەلەم قاش،
دەريادىن ئاقار ياشىم.
چاڭقىسام، لېۋى بىلەن
سۇ ئىچۈرگەن ئاداشىم.
شۇم پەلەكنىڭ چەرخىدەك،
چۆرۈلۈر مېنىڭ باشىم.

ئوتلار كۆيەر ئىچىمدە،
دەردىنى ئۆزۈم بىلۈرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشىمغا
كېمە سېلىپ ئۆتۈرمەن.
ئامان بولسام ئەبەدكە
گۇلۇم سېنى كۈتۈرمەن.

قاغىلار چىللاشىدۇ،
توغراقنىڭ سايەسىدە.
مەنمىغۇ ئوينىۋالاي،
گۇلۇمنىڭ مەلەسىدە.
يارنى قولۇمغا ئالاي،
كۆيۈكنىڭ بانەسىدە.

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا،
كۈندە قۇرۇمايدۇ قار.

ئاھ جېنىم، سەندىن بۆلەك،
بۇ ئالەمدە نېمەم بار؟
ئويۇن ئويناپ كۇلگەلى،
ئەسلىي ئالەم، زامان تار.

ئارامىمىزنى يىراق دەپ،
يارىم، بولمىغىن دەم ـ دەم.
غېرىب كۆڭلۇم ئېچىلسۇن،
يانىمدا ئولتۇر بىردەم.
قىزىلگۇلۇم، قىز تۇغساڭ،
ئېتىنى قوي «ئەقىدەم».

ئۆيۈمدە تولا ياتىپ،
زېرىكىپ كەتتى ئادەم.
ئاتاڭ ئۆلگەنگە ئوخشاش
ئەجەب تۇتىسەن ماتەم.
سەنسىز قانداق كۇلىمەن،
چىرايلىقىم زىۋىدەم؟!

يارىم بىلەن ئىككىيلەن
بىللە ماڭدۇق باغلىققا.
دۆڭگە چىقىپ قارىسام،
كۆزۈم چۈشتى ياغلىققا.
ئوت كۆيۈك يامان ئىكەن،
كۇلگەنىم يوق شادلىققا.

ھاۋاغا بۇلۇت ئۆرلەپ،

قاچان يامغۇر ياغىدۇ؟
يارىمنىڭ قىلغان سۆزى،
يۈرەكىمگە داۋادۇ.
قارىمىساڭ يۈزۈمگە،
كۆڭلۈم شۇندا سۇنادۇ.

سېۋەتكە سالسا توختار
كۆزدىن ئاققان ياشىمىز.
ئاخىرغىچە ئويناپلى،
تەڭ ئاقارسۇن باشىمىز.
دېمەتلىك ئاراسىدا
يېتمەيدىكەن ئاتىمىز.

يارىم، سېنىڭ دەردىڭدە،
كۆزۈمدىن ئۈيقۇم كۆچەر.
بىر ۋاخلىق مۇڭداشقىلى
كۆڭلۈم شۇندا سۆيۈنەر.
يالغۇز دەرەخ ياشىنىسا،
سايەسى چۆلگە چۈشەر.

چۆلگە چۈشەر سايىسى،
ئىزدەپ كەلدىم ئاڭلاشىپ.
بۇ دەرد ئادا بولغۇچە،
ئولتۇرايلى قاراشىپ.
دەردمەن بولساڭ بىرى كەل،
دەرد تۆكەيلى مۇڭداشىپ.

ھۇجۇم قىلسا دۈشمەنلەر،
يارىم كېتەر يىراققا.
ئىككى كۆزۈڭ ئوخشايدۇ،
ئۆيدە يانغان چىراغقا.
ئاققان ياشىم كۆزۈمدىن
قوشۇلۇپتۇ بۇلاققا.

سۇلار كەلسە بېلىق ئۆرلەيدۇ باشقا،
كۆزۈم تويماي مەلىدە قەلەم قاشقا.
ۋەدىلىشىپ يەتتە يىل باغلاندىمەي
مەلىدىكى غۇنچە بويى لەگمەن چاچقا.

مەن يارىمنى چاقىرسام ئۇنۇم يېتەر،
قېنىشماستىن كۆيۈشۈپ زامان ئۆتەر.
قىزىلگۈلنىڭ بىر گېپى ئاخىر كېلىپ،
بۇ كۆيگەن يۈرەكىمدىن ئۆتۈپ كېتەر.

قاچان چاغدا تۇغۇلدۇڭ، يېڭى يارىم،
خويمۇ كۆيەر بۇ مېنىڭ ئېسىل جانىم.
ئىسسىت، پۇشمان، ئادەمنى ساتۇر بولسا،
ئالار ئىدىم نەچچە بولسا باھايىڭ.

كېتىپ بارسام ئالدىمدىن قاچتى توشقان،
بوز لاچىنمۇ ھاۋادا ئېگىز ئۇچقان.
كۆيۈپ ـ پىشىپ مۇھەببەت ئوچاقىدا،
تەلپىمگە خۇدايىم سېنى قوشقان.

شۇنداق چاغدا غېرىب بولۇپ يۈرگۈچە،
ئۆلۈپ كەتسەم مۇنداق دەردنى كۆرگۈچە.
قىزىلگۈلۈم خۇشال ـ خۇرام ئوينايلى،
ئارىمىزغا دۈشمەن كېلىپ بۆلگۈچە.

ئىشىكىڭنى ئاچ، يارىم،
بويۇڭنى كۆرۈۋالاي.
قولۇڭنى تۇتۇپ تۇرۇپ،
لېۋىڭگە سۆيۈۋالاي.

ئاق قۇ كەلسە، ئېتىۋال،
بۇلبۇل كەلسە، سېتىۋال.
سېغىنغاندا كۆرەرسەن،
سۈرىتىمنى ئېلىۋال.

نەقىش ئويدۇم يۈرەككە،
قىزىلگۈلۈم، سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدىن؟

ئاق ئەلەم، يېشىل ئەلەم،
يارنىڭ قېشىدۇر قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

بېلىمدە بار ئارغامچا،
سالدىم سالمىنى ئاتقا.

سەن مېنى يارىم دېسەڭ،
كۆڭۈل بەرمىگىن ياتقا.

ئېتىز بىلەن ماڭغۇچە،
قىرى بىلەن ماڭساڭچۇ.
چاپسان كېلىپ، ئامرىقىم،
كۆڭلۈمنى بىر ئالساڭچۇ.

گۈل بېغىڭدىن ئاڭلىدىم
بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىنى.
نەدىنمۇ تاپاي ئەمدى
كۆيۈكنىڭ داۋاسىنى؟

دۇتار چالىمەن ئاستا،
ئۆستەڭ بويىدا قاشتا.
دۇشمەنلىك بولۇپ قالدۇق،
توينى قىلىلى ئاستا.

ئەلچى قويسام ئاناڭغا،
كىچىك دەپتۇ يېشىڭنى.
كىچىك بولساڭ نېمىشقا
قارا قىلدىڭ قېشىڭنى؟

ئەمدى ئېيتقىن ئاناڭغا،
ئوڭلاپ قويسۇن بېشىڭنى.
يەر تېگىدىن قارايسەن،
چۈشەنمىدىم ئىشىڭنى.

قاشىڭ قارا بولمىسا،
كۆك ئوسمىدا قاشلىغىن.
باشقا خەقلەر خەت تۇتسا،
يىرتىپ - يىرتىپ تاشلىغىن.

دەريادىكى سۇلاقنى
پالتا ئۇرۇپ تەشكۇم بار.
سەن يارىمنى ئويلىسام،
ئەزىز جاندىن كەچكۇم بار.

ئىشقىڭدا مەجنۇنمەن،
لەيلىدەك نەزەر سالغىن.
ئارام تاپمىدى كۆڭلۇم،
هالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

ئىشىك ئالدى باغ، يارىم،
باغنىڭ ئىچى گۇل، يارىم.
چىدىمايدىكەن يۈرەك،
ئانچە - مۇنچە كەل، يارىم.

تاغىقىڭىزنى بەرسىڭىز،
چاچلىرىمنى تاراشقا.
رەسىمىڭىزنى بەرسىڭىز،
سېغىنغاندا قاراشقا.

تارىمنىڭ يولى جاڭگال،
جاڭگالدىن ئۆتەي دەيمەن.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
يىراققا كېتەي دەيمەن.

يارىمنىڭ قولى ئۇزۇن،
ئالمىنى ئېگەلەيدۇ.
ئۇزاپ كەتسەم يىراققا،
ئارقامدىن يېتەلەيدۇ.

گۈل تېرىدىم، كەلسىلە،
ئوسما تېرىدىم، كەلسىلە.
بىر قويۇن ئوسما بېرەي،
بۇرۇتۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
كەلدىم سەيلىگە.
مەيلىڭ بولسا، يار، مېنى
ياققىن مەيدەڭگە.

ئىشىكىڭگە تاش ئاتتىم،
زەنجىر بولسا تەگسۇن دەپ.
نۇرغۇنلىغان بېيىت يازدىم،
ئەقلى بولسا بىلسۇن دەپ.

يەكشەنبە بازارىغا
باردىم يار بىلەن ئاتلىق.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
قىلىقلىرىڭ بەك تاتلىق.

خېتىڭىزنى ئەكېلىڭ،
ئوقۇپ بېرەي پەم بىلەن.

دىلىڭىزنى پاك راسلاپ،
ئەھۋاللىشىڭ مەن بىلەن.

ئېيتمىسامۇ بولمايدۇ،
ئېيتماي كۆڭۈل قويامدۇ؟
سىزگە كۆيگەن يۈرىكىم
سۆيسەم ھەرگىز قانمايدۇ.

ئالما سۇنسام ئالمىدى،
پۇلنى بەرسەم ئالمىدى.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ئاتلار ئورۇق، مەنزىل يىراق،
شول مېنىڭ بەختىم.
ئەنبەرخاننىڭ چار بېغىدا
سۇ بولۇپ ئاقتىم.

خۇمار كۆزلۈك شول يارىمنىڭ
ئامۇت باغى بار.
يېرىپ كۆرۈڭ يۈرىكىمنى
كۆيگەن داغى بار.

سەن ئۈچۈن تولا كۆيدۈم،
يۈرەكىنىڭ مادارى يوق.
كۆيۈپ ئۆلگەن كىشىنىڭ
ئايرىم بىر مازارى يوق.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى
بىچارە بالام دەيدۇ.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنى
شەرىئەت ھالال دەيدۇ.

ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەم،
نەزەر كۆزۈڭنى سالمايسەن.
نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى،
كۆيگىنىمنى بىلمەيسەن.

ئۆيىنىڭ ئارقىسى ئورمان،
كۆچەت تىكىپ باغ بولغان.
يارغا تويماس يۈرەكلەر
كىچىك چاغدا داغ بولغان.

قاراپ ـ قاراپ تويمايمەن،
يارىم سېنىڭ ھۆسنۈڭگە.
بېشىمنى قويۇپ ئۆلسەم،
يارىم سېنىڭ كۆكسۈڭگە.

ئىچىڭ پۇشسا پۇشقاندۇ،
ھەسرەت چەكمىگىن، يارىم.
سېنىڭدەك بىر لەۋەن يارغا
يۈرىكىم كۆيىدۇ دائىم.

ئىشىك ئالدىدا ئېرىق،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.

رەنجىمىگىن سۆيگەنگە،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.

كەتمەن چىپىپ ئېتىزدا،
ناخشا ئېيتىمەن تولا.
خىيالىم مېنىڭ سەندە،
سەنمۇ سۆيسەڭ نېم بولا؟!

خەت كەلمىدى يارىمدىن،
سوراپ بېقىڭ ئامانمۇ؟
ئاشنالىقتا سىزنى بىز
بىرنى سۆيسەك يامانمۇ؟

ئالما تۈۋىگە ئالما كۆمدۈم،
ئالما يارىم بولغايمۇ دەپ.
چىن كۆڭلۈمنى سىلىگە بەردىم،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.

قاراقاش مېنىڭ يارىم،
باغقا سۇ ئاچاي دەملا؟
چوك قىلىپ بىرنى سۆيۈپ،
چوڭ يولغا قاچاي دەملا؟

تېرەكتىكى قاغىنى
تۇماق بىلەن ئۇركۇتەي.
ئىشەنمىسەڭ كۆيگەنگە
يۈرەك يېرىپ كۆرسىتەي.

ھېچبولمىسا، ئامرىقىم،
تاشقىرىدىن كۆرۈپ كەت.
مەن چىققاندا ئالدىڭغا،
تارتىنماستىن سۆيۈپ كەت.

ھاۋالىقا - ھاۋالىق،
ئۆستەڭ بويى ھاۋالىق.
كەلگىن، يارىم، قېشىمغا،
سۆيۈۋالاي خۇمارلىق.

ئاھۇ كۆزلۈك قاراقاش،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
ئاندا - ساندا كېپ قويۇپ،
بۇ جانىمنى ئالامسەن؟

سېنىڭ ئىشقىڭدا غېرىب،
كىمگە ئېيتىمەن بېرىپ؟
يۈرەك - باغرىم پارە - پارە،
كۆرگىن يۈرەكنى يېرىپ.

يارىم، سىزگە ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان دەردىم بار.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ،
يۈرىكىمدە دەزىم بار.

كىچىككىنە يېرىم بار،
كۆمىقوناق تېرىقلىق.

چىرايىمدىن كەتمەيدۇ،
پىراقىڭدا سېرىقلىق.

ساندۇقمۇ ئېتەلەيمەن،
قاسقانمۇ ئېتەلەيمەن.
يارىم تۇرغان ھويلىنى
مەن ماراپ كېتەلمەيمەن.

ئەقلىمدىن تولا ئازدىم،
يارغا ياخشى سۆز تاللاپ.
يىگىنە بىلەن تاغ قازدىم،
ھەر جۇملىنى مىسقاللاپ.

شوخلىق جىگدەڭگە چىقسام،
يىرتىلدى چاپانلىرىم.
سېنى ئىزدەپ يول يۈرۈپ،
تېشىلدى تاپانلىرىم.

يۈرتىڭىزغا كەتكۈچە،
ئوتنى ئېلىڭ، قارا كۆز.
ئوتنى ئالماي كەتكۈچە،
جاننى ئېلىڭ، قارا كۆز.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئاتقان قارا كۆز.
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ،
قاشنى ئاتقان قارا كۆز.

مەن مۇساپىر غېرىبقا
قاراپ قويۇڭ، قاراكۆز.
بىرنى سۆيۈپ قويسىڭىز،
ساۋاب بولۇر، قارا كۆز.

لەۋلىرى قىزىلگۇلدەك،
گۇلباھارىم يېنىمدا.
ھۆسنى گويا تولۇن ئاي،
دىل خۇمارىم يېنىمدا.

باغقا بۇلبۇل كېلىپتۇ،
گۇل بىلەن ئويناشقىلى.
مەن سىزگە تولا كۆيدۈم،
سىردىشىپ مۇڭداشقىلى.

كۆزۈمنى دۈۋەت قىلدىم،
ياشىمنى سىياھ قىلدىم.
سېنىڭدەك مېھرىبان يارغا
جېنىمنى پىدا قىلدىم.

قەشقەردىن راۋاب ئالدىم،
شوخ پەدىگە چالاي دەپ.
پۇل تېپىپ ئەمدى كەلدىم،
گۇلۇم، سېنى ئالاي دەپ.

چوڭ ئۆستەڭگە سۇ كەلدى،
قاينام بولۇپ ئاقمايدۇ.

سەندىن باشقا يار تۇتسام،
مىجەزىمگە ياقمايدۇ.

مەن قۇملۇققا بارمايمەن،
قۇملۇقتا ئىزىم قالغان.
شۇنچە خەق ئاراسىدا
مەن سىزگە كۆيۈپ قالغان.

ناز بىلەن باقتىڭ ماڭا،
ئوتنى كۆپ ياقتىڭ ماڭا.
سۇپسۇزۇك يامغۇر بولۇپ،
شارقىراپ ئاقتىڭ ساڭا.

يارىم بىلەن چاي ئىچسەم،
جانان چىنەم توشمىدى.
يارىمنىڭ سالغان ئوتى
ۋۇجۇدۇمدىن ئۆچمىدى.

چۆنەككە ئۇرۇق سالدىم،
ئۈچ تارتىپتۇ پىلەكلەر.
مەن يارىمنى بىر كۆرسەم،
ھەل بولىدۇ تىلەكلەر.

قولياغلىقىم گۇلگە چۈشتى،
بۇلبۇل كۆتۈرۈپ ئۇچتى.
سەن كۆيەمسەن - كۆيمەمسەن،
كۆڭلۈم ساڭىلا چۈشتى.

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
تار كوچىغا چۈشۈپتۇ.
شۇنچە قىزلار ئىچىدە،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

ئاق شىپۇڭدىن كۆڭلىكىڭگە
توپا قونمىسۇن دەيمەن.
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم
ساڭا كەلمىسۇن دەيمەن.

ئولتۇرۇپلا، چىرايلىق،
ئۆي تۆرىدىن جاي ئېلىپ.
كۆڭلۈم تارتىپ كېپ قالدىم،
بىر پىيالە چاي ئېلىپ.

تاغ ئارىلاپ كەلگەن بىز،
گۈل ئارىلاپ ئۆتكەن بىز.
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ،
سىلىنى دەپ كەلگەن بىز.

دۆڭ ئېتىمىزنىڭ بېشىدا،
ئاخشام ئورغان ئۇنچە بار.
دوقمۇشتىكى هويلىدا،
كۈلۈپ تۇرغان غۇنچە بار.

مىڭ پىچاق سالسا يۈرەككە،
بىر پىچاقچە دەخلى يوق.

ئالتە مىڭ ئالەم ئىچىدە،
ئۆزلىرىدەك ياخشى يوق.

ئۇتمۇسەن، ئاتەشمۇسەن،
قايدىن تۇتاشتىڭ سەن ماڭا؟ !
سالىسىكەن پەرۋەردىگار،
مەندىكى ئوتنى ساڭا.

ئاي بىلەن كۈننى ئەۋەتتىم
ئەلچىلىككە، يار، ساڭا.
ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى،
ھېچ جاۋاب يوقتۇر ماڭا.

ياخشى كۈننىڭ سائىتىدە
بۇ سۆزۈم يەتسۇن ساڭا.
تاكى ئۆمرۈم ئۆتكۈچە مەن
يارى بولغايمەن ساڭا.

ئاققىنا قۇشقاچ بولۇپ،
قوندۇم دەرەخنىڭ شاخىگە.
ھەر كىشى مەندەك كۆيەرمۇ،
يېڭى تۇتقان يارىگە؟

ھەر كىشى مەندەكلا كۆيسە،
يېڭى تۇتقان يارىگە.
كىرپىكى ئوقتەك بېرىپ،
مىختەك قادالسۇن جانىگە.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا
بىر بالىغا كۆيدۈمەن.
يەتكۈزۈڭلار ئۇنىڭغا،
ئەزىز جاندىن تويدۇمەن.

بېغىمدىكى گۈللەردە
كېپىنەكلەر ئەگىيدۇ.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
يۈرەكلىرىم سەگىيدۇ.

سېرىق گۈلنىڭ تۈۋىدە
ھەرىلەر گىژىلدايدۇ.
سەن يارىمنى كۆرگەندە
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.

قارا چىراغ تۈۋىدە
ئۇچار پەرۋانە.
يارىم سېنىڭ ئىشقىڭدا
بولدۇم دىۋانە.

دىۋانە بوپ، زار يىغلاپ
چالىمەن راۋاب.
يامغۇر بولدى كۆز ياشلىرىم،
يۈرىكىم كاۋاپ.

نامازشامنىڭ ۋاقتىدا
سۇغا چىقسىلا، يارىم.

مەن سىلىگە كۆيۈپ قالدىم،
بۇنى ئۇقسىلا، يارىم.

ئاق جۇۋان، ئاپئاق جۇۋان،
چىلگە پۇرايدۇ قوينىڭىز.
بۇ خالايىق ئىچىدە
چۈشتى سىزگە كۆڭلىمىز.

ئوچاقتا ئوتنى قالاپ،
يۈزلىرىم قارا بولدى.
سەن يارنى تولا ئويلاپ،
يۈرىكىم يارا بولدى.

ئىشىك ئالدى زاراڭزا،
ئىچىلىپتۇ ھەر ياڭزا.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
ئون بەش ياشلىق بالاڭزا.

ئىشىكنى قىيا ئېچىپ،
ئېچىپ كەينىگە قېچىپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ؟

يار قاشىنى ئويناتتى،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
باغرىمنى كاۋاپ ئەتتى.

گۈلنى تېرىدىم تۈزگە،
ئېچىلىدۇ كەچ كۈزدە.
سىزنىڭ كۆزىڭىز گۈلدە،
مېنىڭ كۆزلىرىم سىزدە.

ئەپكەش سېلىپ مۈرەمگە،
سۇغا چىقتىم كۆلۈڭگە.
ئەجەبمۇ كۆيۈپ قالدىم،
قېشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار كېتىپتۇ بېشىدىن.
كېتەلمەيمەن يىراققا،
مەن يارىمنىڭ قېشىدىن.

مەيگە چۈشكەن بىلەن،
ئەتراپلار كۆرۈنمەيدۇ.
يارنىڭ كۆزىگە قاراپ
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.

يارنىڭ يۈلكى ياردىن،
يارى بولمىسا قايدىن؟
غۇنچە بويلىرىڭ زىبا،
شېرىن سۆزلىرىڭ ئاندىن.

سۇزۇك - سۇزۇك سۇلاردا
دەريا بولۇپ ئاقىمەن.

سىز مېھرىبان يارىمنى
يۈرىكىمگە ياقىمەن.

بىزنىڭ يار كېلىپ قاپتۇ،
سۇ ئاقمىغان ساي بىلەن.
يۇتۇۋالاي يارىمنى،
قەنت چىلىغان چاي بىلەن.

جاھان كېزىپ كەلدىم مەن،
نەدە قالدى راھىتىم؟
سەن يارىمنى كۆرگۈچە،
تۈگەپ قالدى تاقىتىم،

سۇ كېلۇر گۈلدۈر - گۈلدۈر،
سۆيگۈنۈم قىزىلگۈلدۈر.
يارىم كۆڭۈل بەرمىسە،
ئۆلگىنىم ئاشۇ كۈندۈر.

سۈنى ئۈستۈم بۇلاقتىن،
نوگاي بىلەن قاپاقتا.
مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ
سىزگە ئوخشاش ئاپئاقتا.

ئورۇپ بەردىم ئوغلاقتا
باغدىكى كۆك قىياقتىن.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ،
چىقىپ كەللە قاياقتىن؟

بېغىمدا قىزىلگۈل بار،
ئۈزۈپ بېرەي تاللىساڭ.
ئىككىمىز ئاشنا بولايلى،
چىن يۈرەكتىن خالىساڭ.

ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا،
كەچتە ئۆتتۇم كۆمۈشتىن.
سەندىن ئۆزگە يار تۇتسام،
ئۆلمەيمەنمۇ نومۇستىن؟ !

يارىم بەرگەن ئاق ئالما،
چۈشۈپ كەتتى ئۆستەڭگە.
يارىم كېتەي دېسىلە،
يۈدۈپ ماڭاي ئۆشنەمگە.

ئالما سەيلىسى بولۇپتۇ،
بىرگە باراي يار بىلەن.
مېنىڭ يارىم تولۇن ئاي،
چىقىپ سۆيەي شار بىلەن.

كېلىپ قوندى ئالمىغا
بىر جۈپ كاككۇك لەپپىدە.
يارىم ياتقان كارىۋاتقا
ئۆزۈمنى ئاتتىم گۈپپىدە.

ياغلىققا تۈگۈپ ماڭدىم،
ئالما، كىشمىش، ئۆرۈكتىن.

قولۇمغا سېلىپ قويدى،
يارىم ئالتۇن ئۈزۈكتىن.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئولتۇراتتىم ساز بىلەن.
يارىم ئۆتتى يىراقتىن،
ئويناپ - كۈلۈپ ناز بىلەن.

ئالتە ئاي بولدى ياتقىلى،
ئۇقسام كېزىك بوپتىمەن.
كېزىك ئەمەس كېسىلىم،
يارغا سېزىك بوپتىمەن.

ئالما دېسەڭ مەندە بار،
بېھى دېسەڭ مەندە بار.
سېنى ھامان سۆيىمەن،
جېنىم تېخى تەندە بار.

ئالما بىلەن بېھىدە
مۇرابباني ئەتتىم مەن.
كۆڭۈلدىكى يار بىلەن،
مۇرادىمغا يەتتىم مەن.

سېنىڭ كىيگەن دوپپاڭنى
كىيىپ باقسام نېم بوپتۇ؟
ئۆزۈم تۇتقان يارىمنى
سۆيۈپ باقسام نېم بوپتۇ؟

گۈل تېرىدىم تەشتەككە،
قويۇپ قويدۇم پەنجىرىگە.
يارىم باغلىدى مېنى،
مۇھەببەتنىڭ زەنجىرىگە.

قىزىلگۈلى سەن بولساڭ،
بۇلبۇلۇڭمەن سايرىغان.
يىگىتنىڭ يىگىتىدۇر
ئىشق ئوتىغا پايلىغان.

يارىم ئالما يەڭ دېسە،
ئەيمىنىپ يېمەيتىمەن.
يارىم كەلسە قېشىمغا،
بىر سۆيۈڭ دېمەيتىمەن.

يارىم، بەرگەن ئالماڭنى
ئەۋەتتىم يىراققا.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
چىدالمىدىم پىراققا.

بۇ ئېرىقنىڭ سۇلىرى
چۆلگە ئاقامدۇ؟
سېنى قانچە سۆيسەممۇ،
يۈرەك قانامدۇ؟

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا
مۇنارىڭمەن.

مۇنارىڭدا ياندۇرغان
چىراغىڭمەن.

تەمبۇر چالغان قولۇڭغا
ئالتۇن ئۈزۈك سېپ قوياي.
مېنى سۆيگەن ئاغزىڭغا
سىرىق ناۋات سېپ قوياي.

رومال ئارتتىم توققۇز كۈن،
دۈشمەن ئېيتار يالغان سۆز.
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن،
ئايرىلمايلى، قارا كۆز.

باغدا پىشقان ئۈزۈمنىڭ
نەچچە ياڭزا تۈرى بار.
مەن غېرىبنىڭ بۇ يۇرتتا
سەندىن باشقا كىمى بار؟

بۇلبۇل كېلىپ سايرايدۇ
باغدىكى قىزىلگۈلگە.
ياتسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ،
سېنى كۆرمىگەن كۈندە.

ياخشىنىڭ يامانى مەن،
سەھرانىڭ شامالى مەن.
قولۇمدا پەرەڭ ياغلىق،
يارىمنىڭ خۇمارى مەن.

ئايدەك گۈزەل جامالىڭنى
يۈرىكىمگە تاڭار بولدۇم.
ئوتۇڭدا تولا كۆيۈپ،
ئەقلىمدىن ئازار بولدۇم.

ئىشىك ئالدى ئانار دۇر،
ئەگسەم شاخى سۇنادۇر.
سىز يارىمنى بىر سۆيسەم،
ئاندىن يۈرەك قانادۇر.

چوڭ يولدا كېتىپ بارسام،
سەن ئاتلىق ئۆتۈپ كەتتىڭ.
بىر يىل بولدى كۆرمىدىم،
سەن نەگە يىتۈپ كەتتىڭ؟

ئاغرىتۇىدىم تۇيۇقسىز،
يارىم كەلدى كۆرگىلى.
شۇ يارىمنى كۆرگۈچە،
تاس - تاس قالدىم ئۆلگىلى.

چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
ئازنا بولغان ئاخشىمى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
سىزگە ئوخشاش ياخشىنى.

قارا، بۇدۇر ساچىمنى
تارىدىم، ئۆرەلمىدىم.

تام ئۈستىگە تام سېلىپ،
مەن سېنى كۆرەلمىدىم.

ئوت ئوچاقتا ئوينايدۇ،
بېرىپ چۆگۈنگە باقساڭچۇ.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
يار، مەيدەڭنى ياقساڭچۇ.

ئالمان قارچىغام بولسا،
قوندۇرسام بىلەكىمگە.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
بىر تاڭسام يۈرەكىمگە.

قولۇمدىكى ئۈزۈكنىڭ
مەرۋايىتتىن كۆزى بار.
بىزنىڭ قارا كۆز يارنىڭ
ساقلاپ قويغان سۆزى بار.

ئېرىقىڭغا سۇ كەلسە،
پاكار يەرنى قاشلىۋەت.
يېڭى يارىڭ مەن بولاي،
كونا يارنى تاشلىۋەت.

بۇ چۆلنىڭ داۋانىدا
ئەجەبمۇ ئازاب تارتتىم.
بەش يىل بولدى كۆرمىگەن
قارا كۆزنى ئاران تاپتىم.

ئىشىك ئالدى جىگدىلىك،
يىلىم ئالغان ئۆزىڭىز.
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزىڭىز.

سىرلىق ساندۇق سىرىمەن،
جۇۋانلارنىڭ بىرىمەن.
ئىشىكىڭنى تاقىۋالساڭ،
تۈڭلۈكۈڭدىن كىرىمەن.

ئاختارمىدا ئات يۈگۈرتتۈم،
يىقىلدىم تۈزگە.
ئوتىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

ئۇزۇن سايدا ماڭغۇچە،
ناخشا ئېيتىپ يانغۇچە.
يار، مەھەللىگە بارساڭچۇ،
كۆرۈۋالاي قانغۇچە.

ئاينى ئايغا قاتايمۇ،
كۈننى كۈنگە قاتايمۇ؟
سېنىڭ دەردىڭدە ئاھ ئۇرۇپ،
پەنجىرەڭدە ياتايمۇ؟

ئېگىز تاغقا مەن چىقىپ،
يول تېپىپ چۈشەلمىدىم.

بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
كۆزۈمگە ئىشەنمىدىم.

باغقا كىردىم، گۈل ئۈزدۈم،
مەن يارىمغا تۇتاي دەپ.
يارنى سۆيدۈم كېچىدە،
يۈرىكىنى ئۇتاي دەپ.

كېپىنەك بولۇپ ئۇچارسىز،
گۈل شاخىغا قونارسىز.
غېرىب بولغان كۈنلەردە،
بىزنى ئەسلەپ قويارسىز.

ئالمىلىق باغقا كىردۇق،
ئالمىسىنى ئۈزمىدۇق.
سىز ئۈمىدنى ئۈزگەن بىلەن،
بىز ئۈمىدنى ئۈزمىدۇق.

ئوقنى ئاتتىم سۆگەتكە،
يېنىپ تەگدى تېرەككە.
سىز يارىمنىڭ ئوتلارى،
ئۇرناپ كەتتى يۈرەككە.

بۇلبۇل سايرىدى كەتتى،
كاككۇك سايرىدى كەتتى.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
تۆپىلىكى شايىكەن.
كېلىڭ، يارىم، ئوينايلى،
گۈلنىڭ تۇۋى سايىكەن.

لاچىنلار قانات قاقسا،
باغدا ئۈنلەيدۇ پاختەك.
كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ،
جاھاندا كىشى يوقتەك.

باھار دەيدۇ، ياز دەيدۇ،
يېتەمدۇ پەسلى كۈزگە.
شۇنچە قىز ئاراسىدا،
يۈرەك كۆيىدۇ سىزگە.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى
سانىغىلى بولامدۇ؟
يار، ئۇتۇڭ يامان ئىكەن،
چىدىغىلى بولامدۇ.

ئاق قۇشقاچمۇ قۇشقاچكەن،
قارا قۇشقاچمۇ قۇشقاچكەن.
ئىككىمىز ئاداش بولساق،
بويىمىزمۇ ئوخشاشكەن.

باغقا كىردىم باغلىققا،
گۈلنى ئۈزدۈم ياغلىققا.

شۇنچىمۇ كۆيەمدىغان،
سىزدەك بىر چىرايلىققا.

قۇم چۆگۈنگە چاي سالسام،
قاينىمايدۇ، تاشمايدۇ.
بىچارە نادان كۆڭلۇم،
سەن يارىمدىن ئاشمايدۇ.

ھاۋانى تۇمان ئالدى،
تۇماننى بوران ئالدى.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
قارا كۆز جۇۋان ئالدى.

تۈڭلۈكتىن پاسا چۈشتى،
تورۇستىن ۋاسا چۈشتى.
جىمى ئەلنىڭ ئىچىدە،
سىزگە كۆڭلۈم راسا چۈشتى.

مۆلجەرتاغنىڭ بېشىدا،
بىر گۈمبەز بار قېشىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سۆيگەن يارنىڭ يېنىدا.

ئىگىز تاغقا چىققۇچە،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

كىچىككىنە تۇمۇچۇق،
باغدا ئۇزۇن ئۇچۇپتۇ.
شۇنچە خەقنىڭ ئىچىدە،
كۆڭلۈم سىزگە چۇشۇپتۇ.

بىر باغقا ئانار سالدىم،
بىر باغقا يالاڭ توقاچ.
چۆرگىلەپ كېتەلمەيمەن،
كۆڭلۈم سىزدىلا بولغاچ.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
ئوت كۆيەر ئوچاقىڭدا.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
يار، سېنىڭ قۇچاقىڭدا.

ماڭدايمۇ يېتەلمىدىم،
چامدايمۇ يېتەلمىدىم.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
تاشلاپمۇ كېتەلمىدىم.

يوپۇرماقلار چۈشكەندە،
باراڭلىقتا ئۈزۈم يوق.
سىزدىن باشقا خەقلەرگە
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

ئۆستەڭ بويى قىياقلىق،
يېشىل رەڭدە بوياقلىق.

شېرىن ــ شېكەر گەپلىرىڭ
يۈرىكىمدە ساقلاقلىق.

ئالما يېگۈم كېلىدۇ،
نەشپۈت يېگۈم كېلىدۇ.
سىز چىرايلىق يارىمنى
كۈندە سۆيگۈم كېلىدۇ.

ئوي ئېتىزنىڭ چالمىسى،
دۆڭ ئېتىزنىڭ چالمىسى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
سىز خېنىمنىڭ ئالمىسى.

سۇنىمۇ ئېچىپ قويدۇم،
هويلامدىكى ئۈزۈمگە.
ئۇنداق قىلما، چىرايلىق،
بىر قارىغىن كۆزۈمگە.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز تۇتۇۋالدى.
غۇنچە بويلۇق قارا قاش،
كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى.

خىيال قىلىپ ئولتۇرسام،
ئالما چۈشتى قېشىمغا.
يارىم، ئەجەب ئەسقاتتىڭ،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا.

بوستان سىكىلەك، قەلەم قاش،
دېرىزەڭدىن ئاتاي تاش.
كۆلۈپ چىقساڭ ئالدىمغا،
خۇشلۇقۇمدىن ئېگەي باش.

كۆيىمەنۇ كۆيىمەن،
قاشى قاراغا كۆيىمەن.
كۆزلىرىنى ئوينىتىپ،
جاننى ئالاغا كۆيىمەن.

بىللە ماڭدۇق سەپەرگە،
مەن پىيادە، يار ئاتلىق.
كۆڭلۈمنى ئۇتتۇۋالدى،
مېھرىبان، گېپى تاتلىق.

ئاق كۆڭلەكنى كىيمەيمەن،
بوياقچى بوياپ بەرسۇن.
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى سۆيگەن،
مەيلىمگە قويۇپ بەرسۇن.

ئەتىرگۈلنىڭ غۇنچىسىنى
ئۈزۈپ بەرگەن مەن ساڭا.
ئاي بىلەن كۈننى قېتىپ،
ۋەدە بەرگەن مەن ساڭا.

باغ ئىچىگە قارىسام،
ئەجەب تولا قىزىلگۈل.

گۈل تۈۋىدە ئۈلتۈرغان،
مېنىڭ يارىم چىمەنگۈل.

جانان چىنىسى رەڭلىك،
ئىچىدە ئۇپا ـ ئەڭلىك.
يار كۆڭلىنى ئالالماي،
تارتىۋاتىمەن تەڭلىك.

ئات مىنىپ كىمخاب كىيىپ،
يار مېنى كۆيدۈرگۈدەك.
يۇقىرى ـ تۆۋەن مېڭىپ،
قىيناپ يۈرۈپ ئۆلتۈرگۈدەك.

نەمەنگاننىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
سەن يارىمنى بىر كۆرۈپ،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.

كۈلۈپ كەلدىڭ يېنىمغا،
ئوتنى سالدىڭ جېنىمغا.
جاندىن كەچسەم ئەرزىيدۇ،
سەن مېھرىبان خېنىمغا.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ
ئالا ئاتنىڭ قاشقىسى.
كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالماس
سىز يارىمدىن باشقىسى.

يېڭىئاۋاتتىن مەن كەلدىم،
ئالتە دەريانى كېچىپ.
يارىم بىلەن ئوينايمەن،
قانغۇچە شاراب ئىچىپ.

تۆگە باقىمەن سايدا،
قوڭغۇراقى بويندا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سەن يارىمنىڭ قويندا.

كاڭغا سالدىم تېكمەت،
لىم تاختىغا جايناماز.
ئەقلى بولسا شۇ يارنىڭ،
مېنى بۇنچە قىينىماس.

يۈرىكىمنى سەگىسۇن دەپ،
سۇنى ئىچتىم بىر چېلەك.
سۇ ئىچكەنگە سەگمەيدۇ،
كۆيۈپ كەتكەن بۇ يۈرەك.

ئالما ئاتتىم، ئويمىدىم،
سويما تاپتىم، سويمىدىم.
سېنىڭ ئايدەك يۈزۈڭگە
قاراپ ـ قاراپ تويمىدىم.

قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىدىم،
قاتار ـ قاتار چۆنكى.

ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
يېڭى يارنىڭ كۆيۈكى.

تاش دېگەن ئېغىر نەرسە،
تالدۇرىدۇ بىلەكنى.
يار دېگەن يامان نېمە،
كۆيدۇرىدۇ يۈرەكنى.

ھەركىمنىڭ نىگارى بار،
ھەر گۈلنىڭ خېرىدارى.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنىڭ
مەن ئامراق ۋاپادارى.

يايلاقنىڭ گۈلى بولسام،
باغنىڭ بۇلبۇلى بولسام.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كۆزىنىڭ نۇرى بولسام.

بوستانلىقتا ئۆيۈڭ بار،
ماشا لايىق بويۇڭ بار.
كېچەي دېسەم سېنىڭدىن،
بىر چىرايلىق خۇيۇڭ بار.

لاچىن بولۇپ ئەگىيمەن،
مەلەڭدە، پەلەكىڭدە.
بېلىق بولۇپ ئۇينايمەن،
مەيدەڭدە، يۈرەكىڭدە.

ئۆينىڭ ئارقىسىدا بېدە،
توماقنىڭ ئارقىسى گىدە[1].
سېنىڭ ئىشق - پىراقىڭدا
يۈرەكنىڭ ھەممىسى زېدە.

يارىم باغقا باشلايدۇ،
ئالما يەڭ دەپ تاشلايدۇ.
ئالما شېخىدىن چۈشمەي،
خۇمار كۆزىنى ياشلايدۇ.

كېۋەزلىككە قارىسام،
چۈشۈپ كەتتى كۆپ غوزەك.
يارىم بىلەن ئىككىمىز،
خۇدا قوشقان قوشكېزەك.

دېرىزەڭنى ئېچىپ قويۇپ،
ئايغا قاراپ ئويلانما.
مەن سېنىڭ يارىڭ بولاي،
خىيال سۈرۈپ مۇڭلانما.

دۇتار دېگەن بىر ياغاچ،
ئۈنلەيدىكەن تارىسى.
سىلىگە كۆيگەن يۈرەكنىڭ
مۇشتتەك يەردە يارىسى.

ئات مىنىپ سەھراغا چىقساڭ،
قامچا دەستەڭ مەن بولاي.

① گىدە ـــ بۇدۇر.

بارچە ئەلنىڭ كۆزى سەندە،
تىلتۇمارىڭ مەن بولاي.

سايرامنىڭ سۈيى سۈزۈك،
يارغا بېرىمەن ئۈزۈك.
ئوينايلى بىللە، يارىم،
ۋەدىنى قىلىپ تۈزۈك.

ئۈستەڭ بويى هاۋالىق،
مەجنۇنتال تاشلار سايە.
كېلىڭ، يارىم، ئوينايلى،
ئۆمۈر كەتمىسۇن زايە.

هەشقىپىچەك بويلىشىپتۇ
باغدىكى جىنەستىگە.
ئۈچ كۈن بولدى كۆيۈپ قالدىم
قاشى قارا بىخەستىگە.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ،
تاپمىدىم بىر تال چېچەك.
بۇ سېنىڭ تالدەك بويۇڭغا
مەن بولاي هەشقىپىچەك.

چاي ئىچسىڭىز بىر چۆگۈن،
ماڭا قاپتۇ شامىسى.
مېنى ياردىن ئايرىغان
ئالىمخاننىڭ ئالمىسى.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى تاللىق،
قاچان كېلىدۇ يارلىق؟
ئوتۇڭدا تولا كۆيدۇم،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ چاغلىق.

يارىم بىلەن ئوينايمەن دەپ،
سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم.
يارىمنىڭ ياغلىقىدا،
تاڭسام ساقايمامدۇ قولۇم.

قارا قاش، ئېگىز بويۇڭ،
قاچان بولىدۇ تويۇڭ؟
بولغۇچە سېنىڭ تويۇڭ،
خالىيدا سۆيۈپ قويۇڭ.

قىزىلگۈلمۇ گۈل بولسۇن،
ئەتىرگۈلمۇ گۈل بولسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ۋەدىسى،
ئۆمۈرۋايەت بىر بولسۇن.

تاغ سۈيى ئېقىپ كەلدى،
شوخ ئويناپ بۇلاقلاردىن.
كەتمەيدۇ سېنىڭ كۈلكەڭ،
تائەبەد قۇلاقلاردىن.

ئۇ قاتتىمۇ يارىم بار،
بۇ قاتتىمۇ يارىم بار.

ئۇ قاتتىكى يارىمدىن
ئۆلگۈچە تەمەيىم بار.

يار ئوتى يامان ئىكەن،
ئۆچۈرۈش لازىم ئەمەس.
بىر قاراپ قويغىن، نىگارىم،
باشقىسى لازىم ئەمەس.

يوللىرى يامان ئىكەن،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئوتلىرى يامان ئىكەن،
كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

بىزنىڭ ئۆي شامالباغدا،
بارسىلا تاپالامىلا؟
بىز كۆيگەن شۇ ئوتلاردا،
سىلى كۆيۈپ چىدالامىلا؟!

ئوينايلى، يار، ئوينايلى،
كۈندە مەشرەپ ئوينايلى.
كۆرەلمىگەن دۈشمەننىڭ
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

ئۆيىنىڭ ئارقىسى خامان،
لەپ - لەپ ئۇچىدۇ سامان.
بۇ يۈرەكنىڭ كۆيۈشى
تونۇر ئوتىدىن يامان.

ئوچاق بېشىدا چەينەك،
خېنىم، چەينەككە باقساڭچۇ.
سىنىڭ مەيدەڭدە قوش ئەمچەك،
مىنىڭ مەيدەمگە ياقساڭچۇ.

تاغلاردىن ئورۇن ئالدۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
قانداق قىلىمىز، يارىم،
تەقدىرگە بويۇن ئەگمەي.

سىنىڭ مەلەڭ يېقىن بولسا،
بېرىپ مەلەڭنى چۆرگىلىسەم.
خالايىق بولمىسا، يارىم،
بېشىڭدا يۈز مىڭ ئۆرۈلسەم.

ساي بويىدا دېھقانلار
خىللاپ ئورىدۇ ئوتنى.
قارا كۆز سەتەڭ يارلار
جانغا سالىدۇ ئوتنى.

بۇلۇت ئەگىپ كېتەلمەيدۇ،
ئېگىز تاغدىكى قاردىن.
ئەمدى كەتسەم كەلمەيمەن،
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

يەلپۈنەر ئەجەب بەلەن،
ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن.

ۋاقتىدا بارالمىدىم،
مەن سىزگە نىمە دەرمەن؟

ھەي خىنىم، رەھىم قىلىپ،
ھالىمنى سورىساڭ نىم بولار؟
مىنى مۇنچە قىينىماي،
جىنىمنى ئالساڭ نىم بولار؟

سارىيىڭنىڭ ئالدىغا
ئۇزۇم تىكتۇق خىلمۇخىل.
كۆيۈپ ساڭا سارغايدىم،
ئەقلىڭ بولسا ئۆزۈڭ بىل.

ئۇلۇغ - ئۇلۇغ سۇلار كەلدى،
يوللارغا تاراپ.
كۆزلىرىمدىن گۆھەر ئاقتى،
يارلارغا قاراپ.

ئىشىك ئالدى ئويادۇر،
شال تىرىسا تويادۇر.
سىنىڭ نازۇك بىلەكىڭ
تۇتماي تۇرۇپ سۇنادۇر.

مەن دەردىڭدە ئاۋارە،
بولدى يۈرەكىم پارە.
ئۆزۈڭ بىلسەن، يارىم،
بۇ دەردكە نىمە چارە؟

مېھرىڭ بىلەن قارايسەن،
زۇلپىڭ بىلەن باغلايسەن.
مەن ساڭا نېمە قىلغان؟
ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن.

ئاسماننى ئالاڭ دەيدۇ،
يۇلتۇزنى شالاڭ دەيدۇ.
مەن سىزنى ئالاي دېسەم،
دۇشمەنلەر ساراڭ دەيدۇ.

چىمەندوپپام بار دەيسەن،
كىيمەي تۇرۇپ ياز قىلدىڭ.
كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام،
ياڭزا - ياڭزا ناز قىلدىڭ.

يارىم ھالقا سېلىپتۇ،
پەرىزاتتەك بولغىلى.
يا چىقمايدۇ تالاغا،
نەۋاخ ساقلاپ تۇرغىلى.

ئىككى دۆڭنىڭ ئاراسى
ئۆتكىلى بولماس ئىقىن.
تىللىسىمۇ ئانىسى،
يار بىلەن بىز بەك يېقىن.

ھاۋادىن ئۇچۇپ ئۆتكەن،
قايسى كۆلنىڭ غازىدۇر؟

جاننى ئېلىپ يەردە قويغان
بىزنىڭ يارنىڭ نازىدۇر.

يارىم بەرگەن بەلۋاغنى
پاختا يىپتا توقۇغان.
يارىم بىلەن ئىككىمىز
بىر مەلىدە ئوقۇغان.

سامان قالاپ كۆل چۈشتى،
چوغ قالارمۇ، بىلمەيمەن.
چىقتىمدىكى شۇ بالا
جور بولامدۇ، بىلمەيمەن.

سايدا ئۈنگەن كۆك قومۇشتەك
قېشىڭىزنىڭ قارىسى.
مۇنچە يىراق بولۇرمۇ
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى؟

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
خام ئالمىنى يەمدۇ كىشى؟
غۇنچىدەك يارى تۇرۇپ،
باشقىنى دەمدۇ كىشى؟

دىل ئارا تۈگكەن تۈگۈچنى
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى
تىغ بىلەن بولماس كېسىپ.

بوينۇڭدىكى تۇمارنىڭ
بېغى ئەۋرىشىم.
قاچانلاردا كۆرۈشەرمىز،
جېنىم ئادىشىم؟
يالغۇزلۇقتا ھەمراھ بولساڭ،
ساقىيۇر بېشىم.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى
كىيىپ باققۇم كېلىدۇ.
ئوتتا كۆيۈپ سەن ئۈچۈن،
سۇدا ئاققۇم كېلىدۇ.

چاچنى تولا تارايسىز،
بىز تەرەپكە قارايسىز.
بىزنى تولا خارلىماڭ،
سىزمۇ دەردتە قالمايسىز.

ئاللا ـ ئاللا، يارىلا،
ئىچىمگە ئوتنى سالدىلا.
دەردتە خويمۇ كۆيدۈرۈپ،
ئوتنى قانداق ئالىلا؟

ئاستا ـ ئاستا ماڭدىلا،
يۈرەككە ئوتنى سالدىلا.
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
شېرىن جاننى ئالدىلا.

بۇلبۇللار كېلىپ قوندى
گۈل بىلەن مۇڭداشقىلى.
كۆيگەننى ئىزھار ئەتتىم،
يار بىلەن ئوڭلاشقىلى.

ئوقۇغان باشتا بولۇر،
كىشىنىڭ يارى قاشتا بولۇر.
خۇمارلىق سۆيۈپ قويساڭ،
ئون كۈنلۈك ناشتا بولۇر.

ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە،
ئوتمۇ كەتمەس يۈرەككە.
كۆيدۈرسەڭمۇ كۆيدۈرگىن،
قارىمايمەن بۆلەككە.

يارىم مىنگەن شۇ ئاتنىڭ
ئېگەرى كۈمۈش.
نە ئارماندۇر يار ئۈچۈن،
يىگىتكە ئۆلۈش؟

ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
سىز خېنىمنىڭ بەختىنى؟
ساقلىغاي ئاللا كەرىم،
ئوت ئىچىدە پاختىنى.

ئەي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ئوسمىنى قويۇپ كېلىڭ.
سىزنى بىردەم كۆرمىسەم،
كۆيىدۇ باغرىم مېنىڭ.

ئاۋات ئىكەن بېغىڭىز،
شېرىن ئىكەن مېۋىڭىز.
مېنى ئوتقا تاشلىغان
سىزنىڭ ئوتلۇق مېھرىڭىز.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
تۆت تالاسى مودەنگۈل.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
سىنىشايلى تەۋەككۈل،

ئىشىك ئالدى تاختا كۆۋرۈك،
بىر ئۆتمىكۈم بىر قىلچە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۆرمىسەم،
بىر كۈن ماڭا بىر يىلچە بار.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
كۈندە نەچچە كېلىمەن
قەلەندەردەك كوچاڭغا.

ئانار ئالدىم ئويۇققا،
قاراپ باققىن جۇپمۇ، تاق.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
ئون كۈن كېسەل، بىر كۈن ساق.

ئاپتاپپەرەس ئېچىلىپتۇ،
كۈن تەرەپكە ئېگىلىپ.

مەن كەلدىم يىراق يەردىن،
مېھرىم سىزگە چېتىلىپ.

جىگدىدىن يېلىم ئالدىم،
يار چېچىغا سۈرگىلى.
ئايلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى،
سىز يارنى دەپ يۈرگىلى.

دوپپا ئالدىم يارىمغا،
ئۈنچە - مارجان تىزىقلىق.
چىن دىل بىلەن كۆيگىنىم،
يۈرىكىمگە يېزىقلىق.

ھوي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ياز بولغاندا كېلەرسىز.
سىزگە بولغان ئىشقىمنى
كېيىنچىرەك بىلەرسىز.

كېتىۋاتسام كوچىدا،
يار تۇرۇپتۇ ھويلىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
تۇندە ياتسام قوينىدا.

يارىم ماڭا باقمىسا،
مەن يارىمغا باقىمەن.
مېھرى يالقۇن يارىمنىڭ
تومۇرىدا ئاقىمەن.

لۇكچۇنىنىڭ بازارىغا
سۇ كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ؟
يارغا كۆيۈپ قالغاننى
ئۆزى بىلەمدۇ، بىلمەمدۇ؟

چىنە - چىنە چاينى ئىچتىم،
كۆيۈكنى باسقايمۇ دەپ.
ئۆزلىرىگە بېيىت ئېيتتىم،
رەھمىسى كەلگەيمۇ دەپ.

ئۇخلا - ئۇخلا چۈشنى كۆردۈم،
ئۆزلىرىنى قوينۇمدا دەپ.
ئويغىنارمەن، سەسكىنەرمەن،
پاھ، يۈرىكىم كۆيدى دەپ.

يار بېقىپ قويۇق ماڭا،
سېرىق گۈلدەك چىرايىم.
رەھمە قىلىڭ، ئامرىقىم،
قانچە بولسا گۇناھىم.

ئۆرۈك ئوتۇننى قالاپ،
سۇنى قۇيۇپ ئۆچۈرسىلە.
مەن يېتىمنىڭ گۇناھىنى
ئەپۇ قىلىپ كەچۈرسىلە.

گۈلنى بەرسەڭ پۇرايمەن،
پۇراپ - پۇراپ قانمايمەن.

بىر كۆرسەت جامالىڭنى،
نېمە دېسەڭ ئۇنايمەن.

ئاق بوز توشقان ئوت ئىزدەيدۇ،
تەكنى ئارىلاپ.
نەچچە ئۆتتۇم ئىشىكىڭدىن،
سېنى مارىلاپ.

سەنمۇ دەردمەن، مەنمۇ دەردمەن،
ھالىمنى خاراب ئەتمە.
ئىچىمگە سېلىپ ئوتنى،
باغرىمنى كاۋاپ ئەتمە.

مەن يارىمنى تېڭىۋالاي،
كۆيۈپ تۇرغان باغرىمغا.
يارنى دەپ ئۆلۈپ كەتسەم،
ئاغرىنمايمەن جانىمغا.

دۇتارىمنى ساز قىلغان،
پەدە بىلەن قوش تارى.
ئايرىلمايمەن يارىمدىن،
ئۇ كۆڭلۈمنىڭ خۇشتارى.

مېنىڭ ئىككى يارىم بار،
بىرى ئالىم، بىرى زالىم.
بىرىگە ئانچە مەيلىم يوق،
بىرىگە كۆيىدۇ جانىم.

بىرى كەلگىن، يارىمەي،
سۆيۈپ قويغىن، يارىمەي.
سېنىڭ ئىشق ئوتۇڭدا،
ئازلا قالدى جانىمەي.

تۇرۇپ قاپسىز، ئايتۆرۈك،
ئەگىم كوچا ئالدىدا.
مېنى سۆيۈپ قويامسىز،
باشلاپ بارسام دالدىغا؟

ئاي چىقاردا ئاينى كۆردۈم،
كۈن چىقاردا يارنى.
ئايلار ئىزدەپ، يىلدا تاپتىم،
بىر سېنىڭدەك يارنى.

قولدا ئالتۇن چوكام بار،
يېشىل ئۈزۈم پارلايمەن.
ئالەمدە كىشى يوقتەك،
يارىم، سېنى خالايمەن.

خوتەنگە باراي دەيمەن،
بارالمايمەن خوتەنگە.
كۆيمەن دېيەلمەيمەن،
خۇلقى تاتلىق لەۋەنگە.

قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدىن
يۈگۈرۈپ چىقتى بوز توشقان.

قانداق ئايرىلاي سەندىن،
ئەسلىدە خۇدا قوشقان.

باغچاڭغا گۈل تېرىسام،
گۈلۈم ئۆستى شاخلىنىپ.
كۆڭلۈم بولدى ئازادە،
يار ئالدىدا ئاقلىنىپ.

پانار تۇتقان قولۇڭنىڭ
بەش پەنجىسى مەن بولاي.
مېھرى بەرگەن شۇ يارنىڭ
ئەڭ كەنجىسى مەن بولاي.

باغ ئارامنىڭ يولىدا،
باغ ئالمىسى مەن بولمەن.
يارىم ئىچسە هاراقنى،
سىركىايىسى مەن بولمەن.

يارىم پايپاق تارتىپتۇ،
زەر بىلەن زەرباپ بىلەن.
ئۆگىتەرمەن يارىمنى،
يىغلاپ ـ كۈلۈپ هەرباب بىلەن.

كېچىلەردە مەن باردىم،
سەگلىرىڭگە يالۋۇردۇم.
سەگلىرىڭ قاۋاپ چىقسا،
زەپىراندەك سارغايدىم.

دەردتە قويدۇڭغۇ مېنى،
يارىم دەپ يۈرسەم سېنى.
ئارمىنىممۇ يوق ئىدى،
ئۆلگۈچە سۆيسەم سېنى.

ھاۋا شالاڭ بۇلۇتلۇق،
بىزنىڭ يارلار بۇرۇتلۇق.
باشقا يارغا ئەگەشمە،
مەندەك يارىڭ تۇرۇقلۇق.

يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى
ئوڭ قولۇمدا ساقلايمەن.
يارىم، سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ،
ئەرۋاھىڭنى يوقلايمەن.

ئاغزىڭنى تاتلىق قىلغان،
ناۋات بىلەن قەنت ئەمەس.
سەن مېنىڭدىن ئايرىلما،
باغرى قاتتىق مەن ئەمەس،

چېچىڭ نېمە ئۆسمەيدۇ،
قارلىغاچ قاناتىدەك.
ئايرىلدۇق دەپ غەم قىلما،
ئوينايمىز ئاۋۋالقىدەك.

دەستە ـ دەستە گۈل كېلەدۇر،
قايسى يارىمنىڭ گۈلى؟

ھەممىدىن ئېغىر ئىكەن،
ئاشىققا ماڭغاننىڭ يولى.

يارىمنىڭ كىيگەن تونى
قىزىل تاۋاردۇر.
ئاشىق ـ مەشۇق ئىشىغا
ئاللا گۇۋاھدۇر.

غۇنچىلار چېچەك يېرىپ،
گۈل ئېچىلدى رەڭمۇ رەڭ.
سىز يارىمغا يەتكۈچە،
دۈشمەن بىلەن بولدى جەڭ.

مەن باققان تورۇق يورغا
يارىمغا يېقىپ قالۇر.
يار، باغچاڭغا سۇ تۇتتۇم،
توسۇقسىز ئېقىپ قالۇر.

يارىم تىككەن ئالمىنىڭ
شاخ ـ شېخىدا يوپۇرماق.
ئەزەلدىنلا بار ئىكەن،
يارغا كۆيۈپ چوقۇنماق.

چاي دېسە چاينى بېرەي،
چىنە ـ چەينەكى بىلەن.
جان دېسە جاننى بېرەي،
خەنجەر ـ پىچاقى بىلەن.

ئۆرۈكلەر پىشىپ قاپتۇ،
يېسەم بولارمۇ؟
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
دېسەم بولارمۇ؟

مېنىڭ يارىم تۇيۇقتىن،
ئۇزۇم چىقۇر ئويۇقتىن.
ھال سورىساڭ نە بولۇر،
مەندەك كۆڭلى سۇنۇقتىن.

يارىم، سېنىڭ باغچاڭدا
ئېچىلىپتۇ گۇلزەپەر.
سارغىيىپتۇ چىرايىڭ،
ھالىڭنى ماڭا دەپ بەر.

ئىشىك ئالدى چىنادۇر،
قۇشلار كېلىپ قونادۇر.
يار ئۇستىگە يار تۇتماق،
كەچۈرگۈسىز گۇناھدۇر.

ئۆرۈكلۈك باغنىڭ ئىچى
سالقىن شاماللىق.
مەن يارىمغا تىلەيمەن،
دائىم ئامانلىق.

باغقا كىرمەڭ، كىشى بار،
گۈلنى ئۈزمەڭ، ئىشى بار.

ئىككىمىز ئاراسىدا،
بىرلا دۈشمەن كىشى بار.

داۋانچىڭنىڭ غوللىرى،
قورام تاشتۇر يوللىرى.
داۋانچىڭدىن يار تۇتماڭ،
تۆگەپ كېتەر پۇللىرى.

ئاق كۆڭلەك، يېشىل جەيمەك،
مەن قاۋۇل جۇگان دەيدۇ.
ئۆيىڭىز قايان دېسەم،
ئامانشا سايان دەيدۇ.

داۋانچىڭنىڭ ئوتتۇرىسى،
ئۇلۇغ سۇنىڭ ئېقىشى.
كۆڭلۇمگە بەك ياقىدۇ،
سەن يارىمنىڭ بېقىشى.

چىشى يوق دەمسەن مېنى،
چىشىم ئۈنچە - سەدەپتەك.
بىز ئىككىمىز ئوينايلى،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

سەھەردىكى شامالدىن،
يارىم، سېنى سورايمەن.
يېقىن كەلسەڭ قېشىمغا،
ئوينىغۇچتەك پۇرايمەن.

قارلىغاچ كەلدى تۈگۈلۈككە،
قاراچاچ، ئۈيقۇڭنى ئاچ.
ئۈيقۇدىن نېمە چىقۇر،
ئولتۇرۇپ كۆڭلۈڭنى ئاچ.

تاغدىن بەلگە بولمىسا،
خورازلارمۇ چىللىماس.
ئىزھار قىلسام كۆيگەننى،
يارىم ئۇقسا تىللىماس.

داۋانچىڭنىڭ غولىدا،
قىرچىن بىلەن توغراق بار.
يارىم، ئۇۋال قىلمىغىن،
قىيامەتتە سوراق بار.

بەگگە يېقىن بارماڭلار،
ئول بەگنىڭ خۇمارى بار.
مېنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ
بوينىدا تۇمارى بار.

قاينىمىغان قازاننى،
كۆمۈر قالاپ قايناتتىم.
قارىمىغان يارىمنى
قاشنى ئاتتىم، قاراتتىم.

ھەركىشى مەندەكلا كۆيسە،
زىلۋا بويلۇق يارىغا.

كىرپىكى ئوقتەك يېرىپ،
ئوقتەك قادالسۇن جانىغا.

تىككەن دوپپام تالالىق،
يارارمىكىن يارىمغا؟
يارنىڭ قىلغان گەپلىرى
تەگدى يۈرەك تارىمغا.

شىلدىر - شىلدىر سۇ بىلەن،
ئۈزۈپ كەلدى ئاق ئۆردەك.
يار باققاندا ناز بىلەن،
تىترەپ كەتتى بۇ يۈرەك.

ئاق قۇشقاچ ئاراسىدا
قارا قۇشقاچقا كۆز تەگدى.
يايراپ كەتتى يۈرەك - باغرىم،
يارىم بېشىمنى ئەگدى.

ئاتنى مىندىم يۈگەنسىز،
پۇت - قوللىرى كىپەنسىز.
يارىم، سىزنى كەل دېسەم،
شۇنداققىنا كېلەمسىز؟

ئاق چەينەككە چاي قۇيسام،
كۆك چەينەككە دەز كەتتى.
يوقاينىدىن يار تۇتسام،
تۆۋەينىگە داغ كەتتى.

ئالما بەرسە ئالغانلا،
ئۈزۈك بەرسە سالغانلا؟
كۆيمىسىمۇ كۆيدۈرۈپ،
يۈرەككە ئوتنى ياققانلا.

ئايدىڭدا ئايغا باقسام،
مەندە خىيال پەيدا بولۇر.
ئاھ گۈزەل يارىم، ساڭا،
كۆڭلۈم ھەرچاغ شەيدا بولۇر.

مەن يارىمغا ئەۋەتتىم،
ئالتۇن ھالقا، بىلەزۈك.
خەق نىمە دىسە مەيلى،
نىكاھلانغىنىم تۈزۈك.

كۈنچىقىشتىن كۈن چىقتى،
يەر ـ جاھانمۇ يورۇدى.
ئەجەبلەنمە، قارا كۆز،
سىنى ماڭا بۇيرۇدى.

قىبلىدىن شامال چىقسا،
گۈل شاخىنى قايرىيدۇ.
خۇدا قوشقان يارىمنى
دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ؟

ئىشقىمنى ساڭا بەردىم،
يار، مىھرىڭگە چاتساڭچۇ.

سېنى بىر سۆيۈۋالاي،
خالىي يەرنى تاپساڭچۇ.

ئىشىك ئالدى تېرەكلىك،
ئىمارەتكە كېرەكلىك.
قورقماي كېلىۋەر، يارىم،
بىزمۇ خېلى يۈرەكلىك.

كېچىلەردە ئاي تۇغدى،
تاڭ سەھەردە چولپان قىز.
سېنى دەپ بۇزۇلغانمەن،
ئاچ قوينۇڭنى، چوكان قىز.

مىرزىگۈل دەپ تېرىسام،
سېرىق سەبدە ئۈنۈپتۇ.
كۆيدۈم ساڭا، ئامرىقىم،
كىم مېنىڭدەك كۆيۈپتۇ؟!

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۈم مەن،
شوخ ياڭرىتىپ راۋابنى.
قاچانغىچە ساقلايمەن،
تېزرەك بەرگىن جاۋابنى؟

خانىم، سىزگە ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان قەرزىم بار.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ،
يۈرىكىمدە دەرزىم بار.

قاشلىق دېسەڭ ئوسما بار،
تىكلەپ قويدۇم ئەينەكنى.
بۇ ئۆمۈردە سۆيمەسمەن،
سەن يارىمدىن بۆلەكنى.

سېۋەتكە قۇيسا توختايدۇ،
كۆزدىن ئاققان يېشىمىز.
يارىم، بىرگە بولايلى،
تەڭ ئاقارسۇن چېچىمىز.

گۈلنى ئاتتىم تەكلىككە،
تەكنى ئاچقاندا چىقۇر.
ئىككىمىزنىڭ كۆيۈكى
جان تالاشقاندا چىقۇر.

تۆگۈچ تۈگكەندەككىنە،
تۆگۈچ يەشكەندەككىنە.
بىز ئىككىمىز توي قىلساق،
گۈل ئېچىلغاندەككىنە.

يارىم، ساڭا گۈل بېرەي،
ماڭا كەلدى بۇ تەلەي.
كۆڭلۈمدىكى سەن تۇرساڭ،
ئۆلەيمۇ كۆڭۈل بۆلمەي؟ !

چىمەندوپپا كىيىپسىز،
قارايمەن ياراشقانغا.

تالىلاپ سۆيگەن يارىمسەن،
بەرمەيمەن تالاشقانغا.

قىزىلگۈل تۆگەپ قاپتۇ،
ئەترە بەرسەم تىللايسىز.
كىچىك چاغدا ئوينىغان،
ئايرىلغىلى چىدامسىز؟

گۈل تېرىدىم تۇزغىنا،
ئېچىلىپتۇ ئۇزغىنا.
سىزنىڭ كۆڭلىڭىز باشقا،
مېنىڭ كۆڭلۈم تۇزغىنا.

يارنىڭ قولىدا كەكە،
تام تۈۋىنى كولايدۇ.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ،
ئۆزى كىمنى ئويلايدۇ؟

خېنىم، ئەھۋالىڭىز شۇمۇ،
كىشى سۇ بەردىمۇ سىزگە؟
كىشى سۇ بەرسە بەرگەندۇ،
يامانلىق ئەيلىمەڭ بىزگە.

غەم ئىچىدە دىل غۇۋا،
ئۆزۈڭ چىراغ ياقمىساڭ.
جاندىن جۇدا بولۇرمەن،
ئۆزۈڭ داۋا تاپمىساڭ.

دەپتەرگە يازسام دەردىمنى،
سىياھ، قەغەز يەتمەيدۇ.
جان چىققىلى ئاز قالدى،
يارىم بۇنى ئۇقمايدۇ.

داۋزىخىنىڭ ئالدىدا،
مەن ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم.
تەشنالىقنىڭ ئىلكىدە،
سارغىيىپ تۇرۇپ قالدىم.

باغدا بادام پىشىپتۇ،
ئۆيگە مېھمان كىرىپتۇ.
مېھمان بىلەن كارىم يوق،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

ئىشىك ئالدى قوش ئېرىق،
لاي قۇيۇپ بېرەي، يارىم.
ھېچقانچە ئاداۋەت يوق،
چاي قۇيۇپ بېرەي، يارىم.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن؟
يۈرەكنى يېرىپ باققىن،
كۆيەك دەردىم ئازمىكىن؟

ئىشىك ئالدى كۆك تېرەك،
پالتا چاپسام تېگى تاش.

بىر ياستۇقتا ئىككى باش،
جاننى ئالغان قارا قاش.

باغدا باغلىغان ياغلىق،
قولىدا تۇرغىنى ياغلىق.
يارىمنى كېسەل دەيدۇ،
يار دەردىدە مەن ئاغرىق.

گۇل بۇنداق ئەمەس ئىدى،
ھۇۋقۇشلار خازان قىلدى.
مەن بۇنداق ئەمەس ئىدىم،
ئوتلىرىڭ ساراڭ قىلدى.

بەش ئاي بولدى كۆيگىلى،
يا بولمىدى سۆيگىلى.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە
تاسلا قالدىم ئۆلگىلى.

ئۇ مەلىگە بارمايمەن،
دۇشمەننىڭ گېپى يامان.
بارمايمۇ تۇرالمايمەن،
يارىمنىڭ ئوتى يامان.

يارىم، سېنىڭ ئىشقىڭدا
سەۋدايى بولۇپ قالدىم.
ئانار يۈزلۈك يۈزۈڭگە
شەيدايى بولۇپ قالدىم.

جاراڭلايدۇ سۆزىڭىز
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتەك.
ئوتىڭىزدا يۈرىكىم
كۆيۈپ كەتتى قومۇشتەك.

ئاشىق بولدۇم بىر كۆرۈپ،
قانالمىدىم بىر سۆيۈپ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
يار ئىشقىدا چۈش كۆرۈپ.

توپا بولدۇم بوخۇناق،
ئارغامچىدا توقۇناق.
يۈرىكىمنى كۆيدۈردى،
خۇمار كۆزلۈك يۇمىلاق.

شاپتۇلۇڭ باراڭ بولدى،
شاخلىرى غازاڭ بولدى.
سەن گۈزەلنىڭ دەردىدە
ساق بېشىم ساراڭ بولدى.

دەردىڭ بىلەن ئىشقىڭدا
ئۆلگۈدەك بولدۇم.
شۇ ھالەتتە بولساڭ، يارىم،
سۆيگۈدەك بولدۇم.

سېنىڭ بىلەن ماڭا كەلگەن
قۇرۇق مالامەت.

يارنىڭ ئوتى يامان ئىكەن،
بولدى قىيامەت.

ئايمۇ كۆكتە، كۈنمۇ كۆكتە،
چەرخى پەلەكتە.
سەن يارىمنىڭ ئوت ـ پىراقى
كۆيەر يۈرەكتە.

گۈلدەك ئېچىلدۇق،
ئايدەك يۈزۈڭگە.
ئاشنا بولدۇق،
چولپان كۆزۈڭگە.

ئۆستەڭ بويىدا تۇرغان،
قىزىل يۈزلۈكۈم، يارىم.
قاش ئاتسام تەزىم قىلغان،
شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم.

يارىم بىلەن ئىككىمىز
ئوينىغانتۇق خاماندا.
بىزنىڭ ۋەدىمىز ۋەدە،
دۈشمەن قالسۇن ئارماندا.

ئىشىك ئالدى شال كۆۋرۈك،
ئاتلاپ ئۆتكىلى بولماس.
ئوتى يامان يارىمنى
تاشلاپ كەتكىلى بولماس.

گۈل ئېچىلسا باغلاردا،
تىكەنلەر ئۈنەلمەيدۇ.
دوستلۇق رىشتىمىز مەھكەم،
دۈشمەنلەر بۇزالمايدۇ.

قارا چاچنى تالقىتاي،
سايە بولسۇن بويۇڭغا.
يۈرىكىمنى تۇتقۇزاي،
چىراغ بولسۇن يولۇڭغا.

كۆل بويىغا كېپ تۇرغىن،
كىرىۋالاي قوينۇڭغا.
كېپ قاپتىمەن ئەجەبمۇ،
باش - ئاياغنى كۆرگىلى.

يارىم نېسىپ بولارمۇ،
يۈرەك قېنىپ سۆيگىلى؟
مەن شۇنداق تۈرەلگەنمۇ،
بارچە دەردنى تارتقىلى؟ !

پەرىزاتتەك مەشۇقۇم،
سۈرىتىڭنى سىزىپ بەر.
سېغىنغاندا كۆرىمەن،
كەشتە قىلىپ تىكىپ بەر.

باغقا كىرسەم ئالدىمغا
ئالما چۈشتى توككىدە.

قەدرىڭىزنى بىلمەيمەن،
سۆيۈپ قويۇپ چوكىدە.

چەينىكىمگە چاي سالدىم،
بىر چىنە قايماق بىلەن.
ياش ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
ئوينىماي ئوماق بىلەن.

تاغدا كېيىك ئوتلايدۇ،
بىر - بىرىگە ياندىشىپ.
يارىم بىلەن ئوينايمىز،
قۇچاقلىشىپ باخ - باخلىشىپ.

قولۇمدىكى ئەڭگۈشتەر
بېغىشىمدىن چىقمايدۇ.
گىرە سېلىپ سۆيگەن يار
ئەس - يادىمدىن چىقمايدۇ.

يارنىڭ قېشى ئوخشايدۇ
قولۇمدىكى ئورغاققا.
سۆيۈپ - سۆيۈپ قانمايمەن،
سىز چىرايلىق ئوماققا.

ئۆستەڭ بويى سۆگەتلىك،
سەيلە قىلدىم ھاۋالىق.
دېھقان قىزنى يار تۇتتۇم،
بەك تارتىنچاق، ھايالىق.

ئاقچى قوغۇننى يېمەي،
ناشپېكەرگە تويمىدىم.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
قۇچاقلىشىپ ئوينىدىم.

شامال كەلسە توختايدۇ،
قاش قارايغان چاغ بىلەن.
تا مەڭگۈگە ئوينايمەن،
مېھرىبانىم سەن بىلەن.
سەن گۈلۈمنى كۆرمىسەم
تۇرالمايمەن غەم بىلەن.

ئايمۇ دېسەم، ئاي ئەمەس،
كۈنمۇ دېسەم، كۈن ئەمەس.
سىز يارىمدىن باشقىسى
دەردىمگە دەرمان ئەمەس.

قوشىقىمنى باشلىدىم،
سۆيگەن يارىم، تىڭشاپ تۇر.
تارتقان دەردۇ ھەسرەتنى
قۇلىقىڭدا ئاڭلاپ تۇر.
مېنىڭ كۆڭلۈم بەك نازۇك،
قارچىغىدەك قۇشلاپ تۇر.

تام تۈۋىدە ئولتۇرادۇر،
ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت.
ئاغزىدىن شەربەت تامادۇر،
شەربىتى تاتلىق يىگىت.

شەربىتىگە گۈل تېرىدىم،
بىر غۇنچىنى ئۈزمىدىم.
بولغاچ ۋەدىمىز ۋەدە،
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم.
يۈرەكىمگە تاڭاي دەپ،
ئۆزلىرىنى ئىزدىدىم.

سۆزلىرىڭ شېرىن ـ شېكەر،
قىيام سۈيىدەك.
قىلدى سۆزۈك يۈرىكىمنى
غەلۋىر كۆزىدەك.

ئالتۇنمىكىن، كۈمۈشمىكىن،
سالدىم بىلەككە.
يېڭى تۇتقان يارنىڭ ئوتى
تەگدى يۈرەككە.

ياز بولۇپتۇ، كۈز بولۇپتۇ،
سارغايدى ئۈزۈم.
يار كەتكەنگە ئىشەنمەيمەن،
كۆرمىدى كۆزۈم.

نەقىش ئويدۇم يۈرەككە،
يارىم، سېنىڭ سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى،
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدىن؟
ئۆلۈپ كەتسەم ئوتۇڭدا،
رازى بولغىن تۇزۇڭدىن.

ئايدا باردۇر ئۆزلىرى،
شېرىندە باردۇر سۆزلىرى.
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
جاننى ئالغان ئۆزلىرى.

ئاي بولۇپتۇ، يىل بولۇپتۇ،
ئوتلىرىدا كۆيگىلى.
بىز كىچىك نادان ئىدۇق،
يار قەدرىنى بىلگىلى.
ئوتلىرىدا چالا كۆيۈپ،
تاسلا قالدۇق ئۆلگىلى.

قىزىلگۈل بولۇپ كەلدىم،
قولىقىڭغا قىسىۋال.
بوينۇمغا گىرە سېلىپ،
يار، قانغۇچە سۆيۈۋال.

كاككۇكلار كېلىپ قوندى،
يېقىملىق ئۈنى بىلەن.
بىزنىڭ يار كېلەر ئەمدى،
دېيىشكەن كۈنى بىلەن.

ئۇستا كەلدى يىراقتىن،
گۈل قويدۇراي كىگىزگە.
ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇڭ،
قاراپ ئولتۇراي سىزگە.

يارىم كەلدى سەپەردىن،
بىلىدە قىزىل ياغلىق.
يار ئىشقىدا يىغلايمەن،
يارنىڭ كۆيگىنى چاغلىق.

ئالما تۈتتۇم ئېپ قالغىن،
چىرايىمغا سەپسالغىن.
ناخشا ئېيتسام ئىشقىڭدا،
بۇلبۇل شۇكەن دەپ قالغىن.

كېسىۋەتتى پۈتۈمنى
ياغاچچى باللىنىڭ چوتى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
يارىمنىڭ ئىشق ئوتى.

ئۆينىڭ ئىچىدە ساندۇق،
ئىچىگە ئانار سالدۇق.
قانداق قىلىمىز، يارىم،
ئوتنىڭ ئىچىدە قالدۇق.

ئۆينىڭ ئالدى يۇلغۇنلۇق،
ئەتراپى قىزىلگۈللۈك.
بىزنى سۆيمىگەن يارنىڭ
دوپپىسى بادام گۈللۈك.

ئوت تۇتاشتى، كۆيدى جان،
يارغا مەلۇم بولمىدى.

گۈلچىمەندەك سارغىيىپ،
تەندە جانىم قالمىدى.

گۈل شېخىدا بۇلبۇللار
خەندان ئۇرۇپ سايرايدۇ.
يارىم بىر كۈلۈپ قويسا،
مېنىڭ كۆڭلۈم يايرايدۇ.

بېغىڭىزنىڭ ئىچىدە
قىزىلگۈلنى ئۇندۇرمەك.
جاننى ئالسىڭىز مەيلى،
مېنى بۇنداق كۆيدۈرمەك.

ئۆيىڭىز يىراق، يارىم،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
كۆيەككە ئۆلگۈدەك بولدۇم.

چىقىۋاللا تېرەككە،
ئوتنىساللا يۈرەككە.
شېرىن جان ئۇنىمايدۇ،
ئۆزلىرىدىن بۆلەككە.

ئەي يارىم، ۋاپادارىم،
دەريادەك ئاقار ياشىم.
سىزنى ئويلىغان چاغدا،
قايىدۇ مېنىڭ باشىم.

شامالدا چۆرۈدۈم غالتەك،
بوراندا چۆرۈدۈم غالتەك.
كۆڭلۈمنى ئېلىۋالدى،
ئۆزى چاققان بويى كالتەك.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن
ئاپئاققىنا كېپىنەك.
بىزنى بۇنچە كۆيدۈرگەن
ئون بەش ياشلىق سېكىلەك.

قارا قاش، قاۋۇل خوتۇن
سايغا سالدى باغىنى.
بىرنى سۆيمەي تۇرۇپلا،
يۈرەككە سالدى داغىنى.

ئاق چەينەككە چاي قويدۇم،
پات كەلگىنە، تاشقۇچە.
ئارقاڭدىن قاراپ قالدىم،
سەن بۇ يەردىن يانغۇچە.

ئالما ئاتتىم يىراققا،
بېرىپ چۈشتى قاياققا.
مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى،
ساھىبجامال قىزچاققا.

ماڭدامۇ يېتەلمەيمەن،
چامدامۇ يېتەلمەيمەن.

ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
تاشلاپمۇ كېتەلمەيمەن.

ئۆگزەڭگە توخۇ چىقتى،
«تاخ» دېسەم، توپا چۇشتى.
خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
مېنىڭ كۆڭلۈم ساڭا چۇشتى.

نانىنىڭ ياخشىسى گىردە،
ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى بېدە.
سەن يارىمنىڭ ئوتىدا،
يۈرەكنىڭ يارتىسى زېدە.

تال چىۋىق تالغا يېپىشتى،
بەلگىسى چەندان يىراق.
مەيلىمىز سىزگە چۇشۇپتۇ،
نەقىلاي، ئۆچمەس پىراق.

مەن يارغا بەرگەن ئۈزۈك
سۈزۈك قاشتېشى.
قولدىن قولغا ئالماشتۇرۇپ،
تۆكۈلسۇن يېشى.

كاككۇك قوندى تېرەككە،
ئۇچۇرسام ئۇچارمىكىن؟
يار ئوتى يۈرەكىمدىن
سۇ سەپسەم ئۆچەرمىكىن؟

بىر پارچىلا يېرىم بار،
بوغداي - قوناق تېرىقلىق.
چىرايىمدىن كەتمەيدۇ،
يار ئىشقىدا سېرىقلىق.

ئېتىم يوق دېگەن بولساڭ،
مەن ئېتىمنى ساتمايتتىم.
يارىم يوق دېگەن بولساڭ،
مەن سېنىڭدىن قاچمايتتىم.

بىر بېغىمغا ئالما قويدۇم،
بىر باغقا ئانار.
گۈل شېخىدا بۇلبۇل - قۇشلار
سايرىشىپ تۇرار.

گۈل شېخىدا بۇلبۇل قۇشلار
سايرىشىپ تۇرسۇن.
ساڭا قىلغان ۋەدىلىرىم
يادىڭدا تۇرسۇن.

باغدا پىشقان ئالمىلارنىڭ
ياپرىقى بولسام.
كۆڭۈلدىكى شۇ يارىمنىڭ
ئامرىقى بولسام.

ئىلىخو دېگەن قايسى،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.

مېنىڭ مېھرىبان يارىم،
تۇمۇچۇقنىڭ بالاسى.

قوشاقچى دېمەڭ بىزنى،
قېتىۋالىمەن سىزنى.
نادان چاغلىماڭ بىزنى،
ئوتقا سالىمەن سىزنى.

باغقا كۆندە كىرىمەن،
گۈلنى تاللاپ ئۈزىمەن.
خالىسىڭىز، جان يارىم،
مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن.

پىيالىدە چاي بەرسەم،
سۇندۇرماي ئىچەلەمسەن؟
مەن بىلەن دوست بولۇشقا
چىن ۋەدە بېرەلەمسەن؟

ئالتۇن سائەت سوقتۇردۇم،
يارىم سالسۇن بىلەككە.
دەرد بىلەن ناخشا ئېيتتىم،
دەز كەتمىسۇن يۈرەككە.

قىينىساڭمۇ قىيناۋەر،
گۇناھىم باردۇر.
سەندىن باشقا يارىم بولسا،
خۇدايىم باردۇر.

قارا قاش، قاۋۇل يارىم،
بولدى ساڭا ھالىم خاراب.
شۇ سىنىڭ مۇشكۇل ئوتۇڭدا،
ئولتۇرۇپ چالسام راۋاب.

پىچاق - چاقماق ئاسمايمەن،
پىچاق - چاقمىقىم ياندا.
مەن يارنى سۆيۈۋالدىم،
ئاقسارايدىكى خاڭدا.

يار بىلەن مەن ۋەسلى قىلدىم،
خالىي ئۆيدە بىر كېچە.
شۇ خۇشاللىق خاتىرە
چىقماس ئېسىمدىن ئۆلگۈچە.

شۇندا ئولتۇرۇپ سانۇرمەن
كىرپىكىڭنىڭ تالىنى.
ھېچ كىشى بىلمەس ئىكەن
ئاشىق كىشىنىڭ ھالىنى.

كېلەرىڭگە چەلپەك ئەتتىم،
يانۇرىڭغا قاتلىما.
چىن ئاداش بولاي دېسەڭ،
كەڭ ئېرىقنى ئاتلىما.

يار دەردىدە ئاۋارە،
بولدى يۈرىكىم پارە.

ئۆزۈڭ بىلىسەن، يارىم،
بۇ دەردكە نېمە چارە؟

يۇقىرىغا بارمايلا،
خۇشتەك يارنى كۆرمەيلا.
خۇشتەك يارنى كۆرگەندە،
يېرىم توقاچ يېمەيلا.

يارنى تۇتتۇم بەگلىككە،
پۇل بەرمەيدۇ ئەڭلىككە.
خويما مەيلىم بار ئۇچۇن،
ئەمدى قالدىم تەڭلىككە.

بىر كۆرۈپ، يارىم، سېنى،
قالمىدى ھالىم مېنىڭ.
بىر باقساڭچۇ سەن ماڭا،
يامان بولدى ھالىم مېنىڭ.

ئېگىز تاغقا قار يېغىپتۇ،
بوستاندا تۇمان.
ئىچكىنەمدە ئوت كۆيەدۇر،
كۆڭلۈمدە گۇمان.

ئالتۇن شەپكە خۇش يارىشۇر
سودىگەر بايغا.
مەن يارىمنى ئوخشىتارمەن
كۆكتىكى ئايغا.

ئەۋرىشىمنى مەن توقۇرمەن،
چاقمىقىڭغا باغ بولۇر.
مەن يىراقتىن يارنى تۇتسام،
يۈرىكىڭگە داغ بولۇر.

ئاي خېنىم، بىر باقسىنا،
كۆزۈڭنى چوڭ - چوڭ ئاچسىنا.
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ،
كەرگىدە كېرىپ ئاتسىنا.

سېغىنزغان سايرايدىغۇ،
سارغىيىپ ساي باشىدا.
يۈرگىنىم پاشالىقىم،
ئولتۇرغىنىم يار قاشىدا.

قارا قاش، قارامۇقاش،
باغدا تېپىشقان بىر ئاداش.
ئالدىدا يالغان ئىدۇق،
ئەمدى بولايلى چىن ئاداش.

ھېيت ئېيىمنىڭ بېشىدا،
سېنى ھۇجرامغا چىللىدىم.
ساڭا قىلغان ياخشىلىقنى،
ھېچ كىشىگە قىلمىدىم.

ئاستا - ئاستا ماڭغىسەن،
دەرياغا كۆۋرۈك سالىسەن.

بىر قاراپ، ئىككى كۆلۈپ،
ئىچىمگە ئوتنى سالىسەن.

ئايمۇ بولدى، يىلمۇ بولدى،
ئوتلىرىدا كۆيگىلى.
ئىنتىزار بولدۇم ئەجەب،
سىلىنى بىرىپ سۆيگىلى.

سىنىڭ ئىشقىڭدا، ئەي دىلبەر،
ئەجەب دىۋانىلەر بولدۇم.
بۇ ئالەمدە خالايىققا
بەسى ئەپسانىلەر بولدۇم.

بارغۇچە باغ بىلەن باردىم،
يانغۇچە تاشلىق بىلەن.
خۇي تولا داڭلار كۆتۈردۇق،
قاپقارا قاشلىق بىلەن.

سايدا بوستان سالىمەن،
سايراپ يېتىڭ، يارىم.
گۈل هاراقى تۇتىمەن،
مەست بولۇپ يېنىڭ، يارىم.

ئىزدىدىم دائىم سىنى،
كۇنلەردە چەندان، نازىنىن.
بىر سېغىنمىدىڭ مىنى،
شىرىن زۇۋانىم، نازىنىن.

دەريا بويىدا يىلان،
كاشكاپ بويىدا چىلان.
بار ئوتۇڭغا سېپ قويۇپ،
مېنى قىلسەن ۋەيران.

يارىمنىڭ يارى بولسام،
يايلاقنىڭ گۈلى بولسام.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كۆزىنىڭ نۇرى بولسام.

سۇنى سالدۇق تۇغانغا،
ئوتنى ياقتۇق سامانغا.
سامان كۆيۈپ كۈل بولدى،
باغرىم قاندى ئانارغا.

لەۋلىرىڭ بولاي،
شاخىڭغا قوناي.
سايراپ - سايراپ،
گۈل شاخىڭدا
بۇلبۇلۇڭ بولاي.

بېغىڭدىكى گۈللەرگە
بۇلبۇل قونسا سايرامدۇ؟
ساڭا كۆيگەن يۈرەككە
چەينەك قۇيسا قايىنامدۇ؟

يوللاردىن كېتىپ بارسام،
چىللاتتىلا، چىللاتتىلا.

مېھرىبان بۇ كۆڭۈلنى
چىللاپ كېتىپ يىغلاتتىلا.

يار باشىدا شال ياغلىق،
قاش - كۆزى كۆرۈنمەيدۇ.
يار ئالدىمدا ئولتۇرسا،
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.

ئۆيىڭىز يول ياقىسى،
ئەگىپ ئۆتەلمەيدۇ كىشى.
ئۆزىڭىز خۇشخۇي جۇگان،
ئۈمىد ئۈزەلمەيدۇ كىشى.

رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى،
ئەتىيازدىن كۈزگىچە.
ھەركىشى يارىنى تاپسا،
شىۋۇقەدرى شۇ كېچە.

ئاينى ئايدىڭدا دېسەم،
ئاسماندا يۇلتۇز بار ئىكەن.
يارغىنەمنىڭ ئوتىدىن،
يۈرەككە سانجىلدى تىكەن.

خويمۇ دەردىم تولىدۇ،
ئىچىمگە پاتماي تۇرىدۇ.
شۇغىنە يارىم مېنىڭ،
ھالىمغا يەتمەي تۇرىدۇ.

بەختى دۆلەت خۇيلىرىغا
ئوت ياقۇرنى بىلمىدىم.
بارچىسىنى ياندۇرۇپ،
رەھمى قىلۇرنى بىلمىدىم.

بۇ يۈرەك كۆيگەن بىلەن،
مۇرادىغا يەتمەس ئىكەن.
سەن يارىمنىڭ ھەسرىتى
ئۆلگۈچە كەتمەس ئىكەن.

ئاي خېنىم، ئايلا خېنىم،
ئاي يۈزۈڭگە بوستان سالاي.
يولدا ياتقان چار يىلانغا
مەن نېچۈك زەنجىر سالاي؟

ئالمىلىق باغلارنىڭكى
بارغۇ ھەر خىل چېچىكى.
كەلسەڭ قېشىمغا ھەر زامان،
ئوچۇق ساڭا يار ئىتىكى.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
باشىمغا قويدۇم تېڭىنى.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارنىڭ
ئازلا قويدۇم جېنىنى.

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغۇدەك.

يېڭى يار تۇتقان كىشى
سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك.

دەردىڭدە ئادا بولدۇم،
كويۇڭدا جۇدا بولدۇم.
غەم دەستىدە مەجنۇندەك
ئوتۇڭدا گادا بولدۇم.

زارى زار يىغلايدۇ دەپ،
ئېيتساڭچۇ يارىمغا مېنىڭ.
ئۆچكۈسىز ئوتلارنى سالدىڭ
خەستە جانىمغا مېنىڭ.

خەستە جانىم ساقايماس،
بۇغىنە دورا بىلەن.
ئىككى ياخشى بىر بولالماس،
ئاخىرەت ئارمان بىلەن،

خەستە جانىم كۆيىدۇ،
ئەمدى تاقەت قالمىدى.
بۇ جاھاننىڭ تارلىقىدىن
بىزگە ئامەت قالمىدى.

ئالتۇن ئۇزۇك قوللىرىدا،
گۇل ئېچىلار بويلىرىدا.
يالغۇز ئۆلسەكمۇ ئۆلەيلى،
ئۆزلىرىنىڭ كويلىرىدا.

بىزنىڭ ئۆيلەر بىر ئەپلىك،
ئىچسەڭ سۈيى شەربەتلىك.
سەن مېنى كىچىك كۆرمە،
بىزمۇ خېلى غەيرەتلىك.

مەن يارنى پۇراپ بېرىپ،
تاپتىم تۈگمەن باشىدا.
ساچىدىن تولغاپ تۇرۇپ،
سۆيدۈم دۈشمەن قاشىدا.

تاشلىۋەتمەڭلار گادايىنى،
بىر كۈن كېرەكلىك بولىمەن.
دۈشمىنىڭنىڭ ئالدىدا،
تاغ يۈرەكلىك بولىمەن.

سۇغا چۈشكەن ئالمىنى
ئۆرۈك، يارىم، چۆرۈك، يارىم.
بىزگىمۇ ھاللار كېلىپتۇ،
ئۈنىمۇ بىلىك، يارىم.

ئۆيىنىڭ ئىچىدە خەقلەر،
ئۆيىنىڭ ئارقىسى تەكلەر.
ئىككىمىزلا بىلىشەيلى،
تۇيۇپ قالمىسۇن خەقلەر.

سېنىڭ ئىشقىڭدا، ئەي دىلبەر،
يۈرەكىم قىپقىزىل قاندۇر.

مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن
كۆڭۈل ھەردەم پەرىشاندۇر.

چاي قازاندا قاينىسۇن،
تارت غىجەكنى سايرىسۇن.
غىجەك تارتقان قوللارىڭ
يار قويندا ئوينىسۇن.

بىر نەۋا تاۋكا ئىچىدە،
مەست بولۇپ قالساڭ سىنى.
قىپقىزىل قاننى تۆكۈپ،
قۇتقۇزۇپ قالسام سىنى.

گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
يارىم، سىنىڭ بېغىڭدا.
دىۋانە بولۇپ قالدۇق،
يارىم، سىنىڭ كويۇڭدا.

قاغىلار قاتار ـ قاتار،
ئايدىڭ بولسا، ئايدىڭ بولسا.
يۈرىكىم راھەت تاپۇر،
كۆڭلۈمدىكى يارىم بولسا.

سۇ ئىچىپ قويدۇم،
ھويلىدىكى ئۆزۈمگە.
ماقۇل دېگىن چىرايلىق،
غىلجىڭلىماي سۆزۈمگە.

سارغىيىپ سامان بولۇپ،
تۇراي سېنىڭ ئالدىڭدا مەن.
خالىي جايلارنى تېپىپ
ئېيتاي ساڭا ھالىمنى مەن.

مەن يارىمنىڭ دۆلىتىدە
ئولتۇرۇپ ئاچتىم كۆڭۈل.
ئول زامان تەختىدە بولدۇم،
بىر ئەركە سۇلتان ئوغۇل.

شايى چاپىنىم بولسا،
شامال چىققاندا كىيسەم مەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
تاڭ سەھەردە سۆيسەم مەن.

تام بېشىدا ئولتۇرغان،
بوينى ئالا بوز لىچىن.
مەلىڭىزگە بىز كەلدۇق،
ئۆيىڭىزگە يول ئېچىڭ.

ئۆيگە كىرسەڭ زىلچاڭمەن،
باغقا كىرسەڭ غۇنچاڭمەن.
كېلىڭ، يارىم، ئوينايلى،
ئاچىلمىغان غۇنچاڭمەن.

باغىڭدا گۇلۇڭ بولسام،
بۇلبۇلدەك تىلىڭ بولسام.

باغقا سۇغا كىرگەندە،
سوغاڭدا سۆيۈلۈك بولسام.

ھاۋادا تۇرنا كېلەدۇ،
ئۆردەك بىلەن غاغۇ قىلىپ.
سەن جۇگاننى سۆيۈۋالدىم،
پېشىم بىلەن دالدا قىلىپ.

يارىمنىڭ قولاقىدا،
يىگىنە بولاي دەيمەن.
ئوڭ يېنىمغا ساچ قويۇپ،
دىۋانە بولاي دەيمەن.

رومال ساپسەن بېشىڭغا،
پېشانەڭگە چۇشۇرمەي.
قاچانغىچە يۇرىسەن،
ئوتلىرىڭنى ئۆچۇرمەي؟

ئاي خېنىم، ئالتۇن خېنىم،
تىللا بويۇڭدىن ئۆرگۈلەي.
ئىشق ئوتۇڭدا مەن سېنى،
پەرۋانىلەردەك چۆرگۈلەي.

قاش - كىرپىك ئاراسىدا،
كۆزلىرىڭگە كۆيدۇم مەن.
بوينۇڭغا گىرە سېلىپ،
لەۋلىرىڭگە سۆيدۇم مەن.

سىنىڭ ئىشقىڭدا، ئەي دىلبەر،
ياز بولسا ئىچىلامدۇ،
ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى؟
يار سۆيەمدۇ، سۆيمەمدۇ،
يارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

يارنى تۇتتۇم دەپتىمەن،
ئىچىمگە ئوتنى ساپتىمەن.
يار ئوتىدا پايلىماي،
مەيدەم قىزىيدۇ دەپتىمەن.

يارنى تۇتتۇم دەپتىمەن،
ئىچىمگە ئوتنى ساپتىمەن.
ئوتىنى سىلىپ قويۇپ،
قىينارىنى بىلمەپتىمەن.

تۇرغىلى يوقتۇر ماجالىم،
يار، يۆلىۋالغىن مېنى.
گۇل بولۇپ ئالدىڭدا تۇرسام،
بىر كۆرەلمىدىڭ مېنى.

كۆيىدۇ جانىم مېنىڭ،
خەۋىرىڭ يوقتۇر سېنىڭ.
رەھمە قىلساڭ ئوتنى ئالغىن،
كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ.

ئوڭ يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ،
سول يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

قىشى قارا مۇلايىم،
گۇناھىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

گۇلنى ئۈزسەڭ تامام ئۈز،
شېخىدا گۇللەر قالمىسۇن.
يارنى سۆيسەڭ تۇزۇك سۆي،
كۆڭۈلدە ئارمان قالمىسۇن.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
مەن باخ ــ باخ ئېتەي يارنى،
ئېچىلسۇن ئىچى ــ قارنى.

سەن تېرىق تېرىمىساڭ،
قۇشقاچ كېلىپ قونارمىدى؟
سەن كۈلۈپ ئوت سالمىساڭ،
بۇ يۈرەك يانارمىدى؟

كۆيمەنا ــ كۆيمەن،
قاشى قاراغا كۆيمەن.
قاشىنىڭ قاراسىدىن،
جاننى ئالارغا كۆيمەن.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ،
گۈل ياتۇر شېخى بىلەن.
گۈل ئېچىلغاندا كېلىڭ،
باغلاپ بېرەي بېغى بىلەن.

مەن كۆرۈپ سېنى، يارىم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

چوڭ دەرۋازا ئىچىدە،
قىزىل خوزاز سۇلايمان.
مەن كۆيسەم ئوتىڭىزدا،
سىز يۈرىسىز خىرامان.

يارىم بولسا ئۆزلىرىدەك،
لەۋلىرى قىزىلگۇلدەك.
ئەجەب مېنى سارغايتتى،
باغدىكى سېرىق گۇلدەك.

كەل، يارىم، ئولتۇر قېشىمدا،
قالغانلار قالسۇن قاراپ.
كۆزلىرىگە قان يۇگۇرسۇن،
بىز ئىككىيلەنگە قاراپ.

كېيىك بالىسى تاغدا،
تاغلار ئارىلاپ قالدى.
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
ئويىنىۋالغىنىمىز قالدى.

باغدا كۆردۈم يارىمنى
كۆك تاۋار بۆكى بىلەن.

يۈرىكىمگە ئوتنى سالدى،
گۈل يوپۇرماقى بىلەن.

كۆيدۈرۈپ قىلدىڭ كاۋاپ،
قىلدىڭ ماڭا سەن تاۋاپ.
ئالما رەڭلىك سەن ئۆزۈڭ،
خۇشقىنە قىلدىڭ جاۋاب.

سەھەر ۋاقتىدا غاز ئۇچتى،
غېرىبىنىڭ شەرىگە ئۇچتى.
خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن
مېنىڭ مەيلىم ساڭا چۈشتى.

باغچىلارەي ــ باغچىلار،
گۈللەر ئېچىلغان باغچىلار.
سىز خېنىم، قۇلاق سېلىڭ،
سىزلەرگە ئېيتقان ناخشىلار.

ئېتىكىمگە قان تۆكۈلدى،
قان ئەمەس، ياشىم مېنىڭ.
ئاقىۋەت يار كويىدا،
كەتكۈدەك باشىم مېنىڭ.

ئايرىلغىلى ئۈچ كۈندۈر،
يارنىڭ دەردى مۇشكۈلدۈر.
بىلمەيمەن، نېچۈك ھالدۇر،
چىرايىم سېرىق گۈلدۇر.

سىنى دەپقۇ، سىنى دەپ،
باردىم قۇمۇللار سايان.
بىر سايان بولالمىدۇق،
كۆڭۈللەرگە چۈشۈپ گۇمان.

مەن ئاشىق ئىدىم سىزگە،
خۇش باقمىدىڭىز بىزگە.
كۆڭلۈمدە ئاداۋەت يوق،
ئاشىق بولىمەن سىزگە.

ئوچاقتىكى ئوتۇڭدىن،
سالغان ئوتۇڭ زىيادە.
قانداق قىلىمىز، يارىم،
بىزگە كەلگەن ئىرادە.

يارىم چەلپەك سېلىپتۇ،
زىغىر يېغىنى داغلاپ.
يارنى سۆيسەڭ تۈزۈك سۆي،
ئۆزۈڭنىڭ ھالىنى چاغلاپ.

مەن تېغىڭغا بارمايمەن،
بارسام پۇتۇم ئاغرىيدۇ.
يارىم ھالىنى كۆرسەم،
ئاڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

كىچىككىنە يېمىشىم،
تاتلىقىنا يېمىشىم.

ئەمدى تاپتىم ياخشىنى،
يامان بىلەن نېمە ئىشىم.

غانجۇغامدا ئارغامچا،
سالدىم سالمىنى ئاتقا.
سەن مېنى دېسەڭ، يارىم،
كۆڭۈل بەرمىگىن ياتقا.

مېنىڭ جېنىم تۆمۈرمىدى،
كەتتى ئۆمرۈمنىڭ يامىسى.
راست گېپىڭنى ئېيت، يارىم،
جېنىمغا دەرمان بولغۇسى.

ئېگىز يەرگە چىققاندا،
سارايىنىڭ نېمەسى بار؟
سەندەك ياخشى يار بولسا،
ئۆزگىنىڭ نېمەسى بار؟

كەچ بولۇپ، يۇلتۇز چىقىپتۇ،
مەن قاچان ئۆيگە ياناي؟
بىرگىنە ئالما بېرىڭ،
ھەمراھ قىلىپ ئۆيگە ياناي.

ئىزدىنىپ چىقسام ئىشىككە،
روشەن چىراغنىڭ شوئىلىسى.
شۇ ئىشقىڭ چۈشكۈنىدىن،
كۆيدى يۈرەكنىڭ چۆرىسى.

يارىم بەرگەن شۇ مارجان
كېچە ـ كۈندۈز بوينۇمدا.
مەن يارىمغا ساقلىدىم،
بىر جۈپ ئالما قوينۇمدا.

بىر گەپ قىلاي مەن سىزگە،
خۇش خەۋەر بېرىك بىزگە.
كۆڭلۈمدە ئاداۋەت يوق،
ئاشىق بولىمەن سىزگە.

باغقا بۇلبۇل قونۇپتۇ،
گۈل بىلەن ئويناشقىلى.
ناخشا ئېيتتىم سىزگە مەن،
باغ ئارا مۇڭداشقىلى.

ئالما پىشتى، قوغۇن پىشتى،
ئەجەب تاتلىق پۇرايدۇ.
بىر قاقاقلاپ كۈلگەنلىرى،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

يارىم، ساڭا گۈل بېرەي،
ماڭا كەلدى بۇ تەلەي.
كۆڭلۈمدىكى سەن تۇرساڭ،
ئۆلەيمۇ كۆڭۈل بەرمەي؟!

تۇڭلۇكۇڭدىن يۈز قاراپ
كۆرۈندى ئايىنىڭ شولىسى.

ھېچ ئىلاجىنىڭ يوقىدىن،
كۆيدى يۈرەكىنىڭ چۆرىسى.

قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە،
ئاشنا بولدۇم ئۆزۈڭگە.
نەچچە يەردە ئۆمەللەپ،
ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ئەمەس،
كۆڭلۈم ئۇنىڭغا قۇل ئەمەس.
بۇ مېنىڭ بىچارە كۆڭلۈم
ياردىن ئۆزگىنى دېمەس.

تامىقىم چاك ـ چاك قىلادۇ،
ئۇزۇپ يۇرسەم كۆلدە مەن.
يار بىلەن بىللە بارسام،
ئۇسسىماسمەن چۆلدە مەن.

يۈرۈڭ، يارىم، مەن بىلەن،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مېنى ھەرگىز خار قىلماڭ،
كىرىپ دۇشمەن كەينىگە.

بېغىمغا چىللاپ كېلىپ،
ھۇجرامدا مېھمان قىلىمەن.
سەن ئەزىز يارىم ئۇچۇن،
جېنىمنى قۇربان قىلىمەن.

كىچىككىنە بېغىم بار،
كۆمىقوناق تېرىقلىق.
چىرايىمدىن كەتمەيدۇ
پىراقىڭدا سېرىقلىق.

يارنىڭ يولى يانتاقلىق،
باراي دېسەم جان تاتلىق.
قېشى قارا يارلاردىن
شېرىن سۆزلۈك يار تاتلىق.

ئالتە ئاي يوللار مېڭىپ،
پۇتۇمدا دەرمان قالمىدى.
قارچىغام قولۇمغا چۈشتى،
ئىچىمدە ئارمان قالمىدى.

ئادىشىم، قەلەم قېشىم
دەريا بولۇپ ئاقسۇن يېشىم.
شەرت قىلىپ قۇرئان تۇتاي،
سەندىن بۆلەك يوق ئادىشىم.

يۈرگىنىڭ يۈرگەنچە بولسا،
يۈرگىنىڭدىن غەم يېمە.
دوستلۇقۇڭ كۆڭلۈڭدە بولسا،
دۈشمىنىڭدىن غەم يېمە.

پەتىم بارغۇ، پەتىم بار،
يانچۇقۇمدا قەنتىم بار.

يېڭىياچە يار تۇتسام،
ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

سېنىڭ ئۈچۈن ياتسام ياتاي،
ئۈچ يىل زىنداندا.
ئۈچ يىل دېگەن ئۈچ كۈنچە يوق،
باغۇبوستاندا.

قۇم قازان تۇتقان بىلەن،
قولۇمدا يوقتۇر قارىسى.
يار ئۈچۈن يېگەن تاياقنىڭ
دولامدا يوقتۇر يارىسى.

دۆشكە چىقىڭ، بىر كۆرىلى،
بېشىڭىزدىن گۈل ئۆرىلى.
سىز ئۆلگۈچە بىز ئۆلىلى،
جانلارنى قۇربان قىلىلى.

ئۇلۇغ - ئۇلۇغ سۇ بويىدا،
سۇدىن نەپ ئالسام.
ماڭا بىلىنمەس سەن ئۈچۈن،
شۇنچە دەرد تارتسام.

مەن ئۆزۈم يالغۇز بالا،
بېشىمغا كەلدى مىڭ بالا.
ئوتقا قاقلاپ، سۇغا سالساڭ،
كۆيمەن يەنە ساڭا.

يەنە قىرساي يولىدا
ھارۋىلار دىغىر ــ دىغىر.
كىشىنىڭ يارى بۆلەك نىمە،
ئۆزىنىڭ يارى يۈرەك ــ بىغىر.

ئىپتىقىنىڭغا مەن قايىل،
يولۇڭغا ماڭمەن مايىل.
ئەمدى ماڭا ئىشەنگىل،
بولماسمەن ھەرگىز جاھىل.

ساي بۇلاقنىڭ قىشىدا
ئۇندۇرگىنىڭ بىر باش پىياز.
سەن خىيىمنىڭ ئىشقىدا
پەرۋانە بولدۇم قىشمۇ ياز.

ئالا ئاتنىڭ پۇتىنى
تارتىپ بىرەي، تاقىلاڭ.
كۆيگىنىڭىز راست بولسا،
يار ئۆيىنى ياقىلاڭ.

سەككىز ئاي سەرسانە يۇردۇم،
ئوتلىرىڭدا مەن كۆيۈپ.
تاسلا قالدىم كەتكىلى
ھەسرىتىڭدە مەن ئۆلۈپ.

ماڭا قاراپ ئىڭىلمەس
باغدىكى قىزىل ئالما.

مەن غېرىب بىچارىنى
دوزاخ ئوتىغا سالما.

يەنە قاراڭغۇ چىراغ،
نېمىشقا روشەن كۆيمىدىلە؟
ئىچىمدە يوقتۇر يېغىم،
ئۇنى ئۆزلىرى بىلمىدىلە.

ئەتىيازنىڭ شامىلى
قاچان ئۆتەر ئۆيۈڭدىن؟
قاچانغىچە قالمايسەن
ئەركە - نايناق خۇيۇڭدىن.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
كۇندە نەچچە كېلىمەن،
قەلەندەردەك كوچاڭغا.

سەن ئۆزۈڭ ئەينۇلۇقىڭدىن
بىز پېقىرغا باقمىدىڭ.
سەن ئۆزۈڭ شاشلىق قىلىپ،
ئامراق تۆشۈڭگە ياقمىدىڭ.

توپا ئالساڭ ئېگىزدىن ئال،
سېغىزلىققىنە.
بىر سۆيسەڭمۇ ياخشى سۆي،
نومۇسلۇققىنە.

يول ئۇستىدە تۇرىسىز،
بىر قارىسام كۈلىسىز.
مەن سىزگە تولا كۆيدۇم،
بىلمەس بولۇپ يۈرىسىز.

داۋان بېشىغا چىقسام،
كۆرۈنمەيدۇ ئۆيىڭىز.
يۈرەككە ئوتنى سېلىپ،
ئاغرىمىدى ئىچىڭىز.

ئۇزۇن - ئۇزۇن ئارغامچا
ئۇزۇلۇپ كەتسە مەيلىمۇ؟
سىز يارىمنىڭ ئىشقىدا
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىمۇ؟

سايدا ئاپتاپلار چىقىپ،
گۈل ئېچىلۇرنى بىلمىدىم.
غۇنچە بويلۇق يار تۇتۇپ،
يۈرەك كۆيەرنى بىلمىدىم.

چىرايلىرىڭ كېلىشكەن،
قامىتىڭمۇ جايىدا.
ۋاقىت يەتتى دېدىڭغۇ،
سەن قالما شۇ سايىدا.

بادام بارغۇ، بادام بار،
ئاستا كېلىڭ، ئادەم بار.

خەقلەر بىلەن كارىم يوق،
بالدۇر قىلغان ۋەدەم بار.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
ئىزدەرمەن سېنى.
ئالەم خەلقى جۇگان دېسە،
قىز دەرمەن سېنى.

ئوتتا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
چوغدا كۆيگەن بۇ يۈرەك.
يول يىراق، دەردىڭ يامان،
ياغدا كۆيگەن بۇ يۈرەك.

ئىشىكىم تاختا ئىشىك،
قۇلپا ـ زەنجىر سالمىسۇن.
خۇدايىم بەندەم دېسە،
كۆيۈك ئوتىغا سالمىسۇن.

قانداق قىلاي، قانداق ئېتەي،
ئىشقىڭدا بۇلبۇل بولدىما.
بۇ سېنىڭ ياخشى خۇيۇڭغا
ئۆلگۈچە قۇل بولدىما.

ئاق مەسچىتكە بورا سالدۇق،
كۆك مەسچىتكە جايناماز.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
ئۆتۈشى بەش ۋاخ ناماز.

يارىم ياتار ھويلىدا،
سېرىق مارجان بويىنىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سەن يارىمنىڭ قويىنىدا.

بېشىدا شايى رومال،
ئېپ قاچتى سەلكىن شامال.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال.

قىزىل ئالما پىشىپتۇ،
تار كوچىغا چۈشۈپتۇ.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

ھازىرمەنۇ ھازىرمەن،
گۈللۈك باغقا ھازىرمەن.
باشتا تۇتقان يار بىلەن،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
سىيرىلىپ چۈشەلمەيمەن.
قىلىقىڭغا كۆيدۈم مەن،
ۋەدەڭگە ئىشەنمەيمەن.

ئەجەبمۇ تولا ئىكەن
تاغنىڭ بېشىدا ئۇلار.

سۆيۈپ قويغىن لېۋىمگە،
ساۋاب ئەجرىسى بولار.

كەچ يېتىپ سەھەر قوپۇپ،
مەن يۈرىمەن تىلەكتە.
ئىچىمنى يېرىپ كۆرۈڭ،
ساق يەر بارمۇ يۈرەكتە.

كەتمەننى تولا چېپىپ،
بىسى قايرىلىپ كەتتى.
دەردىڭنى تولا تارتىپ،
چىرايىم سارغىيىپ كەتتى.

گۈل كەستىم ئويماق ـ ئويماق،
چاپلىماڭ ئۇنى مايماق.
كۆز تەگمەي ياشاي شۇنداق،
يارىم قېتىق، مەن قايماق.

ئاق مۇنارمۇ مۇنارمۇ،
كۆك مۇنارمۇ مۇنارمۇ؟
مېنى مۇنچە قىينايسەن،
كۆيگەنلىرىم گۇناھمۇ؟

چاپاننى كەڭرى تىكتىم،
ئىككى ئادەم كىيەر دەپ.
قاراپ قويدۇم كۆزۈڭگە،
كۆيگىنىمنى بىلەر دەپ.

يارىم باغقا باشلايدۇ،
ئالما يەڭ دەپ خۇشلايدۇ.
ئالما شېخىدىن چۇشمەي،
قاش ـ كۆزىنى تاشلايدۇ.

ئۆستەڭ بويى قېقىر قاش،
كەتمەن سالسام يالاڭ تاش.
سۆيەي دېسەم بويۇڭ پەس،
ئېگىلدىم مەن، قەلەم قاش.

ئوتتا كۆيگۈم بار ئىدى،
چوغدا كۆيگۈم بار ئىدى.
ياتقا بەرگەن كۆڭلۈمنى
سىزگە بەرگۈم بار ئىدى.

باغىمدىكى جانانە،
يەپ باقماسەن بىر دانە.
ئالتە ئاي بولدى ئوتۇڭدا
بولۇپ قالدىم دىۋانە.

ئاتنى توقۇ، يۈگەننى سال،
چاچنى ئۆر، بوينۇڭغا سال.
كۆڭلۈڭدىكى يارىڭنى
ئالمىدەك قوينۇڭغا سال.

سەن ئۆزۈڭ گۈللۈك دەرەخ،
مەن سېنىڭ بۇلبۇل قۇشۇڭ.

يۈرىكىم كۆيدى، خېنىم،
يامان ئىكەن ئىشق ئوتۇڭ.

باغ سالدۇق، ئانار سالدۇق،
كۆرۈپ قويىسلا، خانىم.
سىلىگە كۆيۈپ قالدۇق،
بىلىپ قويىسلا، خانىم.

راۋابىمنى ساز قىلغان
تارا بىلەن بولبۇلەك.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
لەڭگەردىكى سېكىلەك.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
بىر چوكانغا كۆيدۈم مەن.
كۆۋرۈك بېشىغا چىقىپ،
لەۋلىرىگە سۆيدۈم مەن.

قاشىڭ ئەسلىي قارادۇر،
ماڭساڭ يۈرەك سالادۇر.
سېنىڭ ئوتۇڭ يامانكەن،
ئىچىم كۆيۈپ يانادۇر.

ئوڭ قولۇمدا ئوڭ قوشۇق،
چەپ قولۇمدا چەپ قوشۇق.
قاملىشارمىز ئىككىمىز،
سەن چىرايلىق، مەن ئوچۇق.

ئاخشامقى بۇ چاغلاردا،
ئوت كۆيگەن ئوچاقىدا.
ئۆلتۇرسەڭمۇ سەن ئۆلتۇر،
مەن يارنىڭ قۇچاقىدا.

ئەي خېنىم، ئوت كەتمىسۇن،
ئۆگزەڭگە شوتا يەتمىسۇن.
بىر ئۆزۈڭ هازىر تۇرۇپ،
كۆيگەنلىرىم مۇت كەتمىسۇن.

ئويناپ چىمدىلاپ قويسام،
تىرىكىپ قالاي دەملا.
باشىمدىن تۇمار ئۆرۈپ،
كۆڭلۇمنى ئالاي دەملا.

كىچىككىنە چىلگەم بار،
پىچىپ بەرسەم يەلىمۇ؟
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
بىزنى كىچىك دەلىمۇ؟

بىز ئىككىمىز جۇپتەككىنە،
تۇگمەن تاشىدەككىنە.
بىز ئىككىيلەن دوست بولايلى،
گۇل ئاچىلغاندەككىنە.

گۇل ئاچىلسا نىم بولار،
غۇنچە ئېچىلسا نىم بولار؟

بىر قېتىم قىلغان گۇناھنى
يار كەچۇرسە نېم بولار؟

ئىشىك ئالدىڭدا قوش تېرەك،
زىلۋا ئەمەسمۇ، مەشۇقۇم؟
خازانلىرى ئالا ـ ئالا،
چىپار ئەمەسمۇ، مەشۇقۇم؟

كېچىسى بىللە بولايلى،
مەخمەل چۇشەكتە، مەشۇقۇم.
كۇندۇزى بىلمەس بولايلى،
يات كىشىدەك، مەشۇقۇم.

دەريانىڭ ئۇ يانىدا
كۆردۈم سېنى.
قارا زۇلپىڭنى زەنجىر قىلىپ
ئۆتكۇز مېنى.

بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقايسەن،
كۆل بويىغا كۇندە چىقىپ.
ئۇز يۇزۇڭگە ياراشىپتۇ،
ئوسما قويۇپ، خېنە يېقىپ.

كەپتىرىڭىز بولاي،
پەغەزگە قوناي.
لاچىنلار كېلىپ،
سوقمىسۇن مېنى.

توخۇڭىز بولاي،
قونداقتا قوناي.
مۆلۈنلار كېلىپ،
بوغمىسۇن مېنى.

قويىڭىز بولاي،
ئېغىلدا تۇراي.
بۆرىلەر كېلىپ،
يېمىسۇن مېنى.

ئېتىڭىز بولاي،
يايلاقتا تۇراي.
ئاتچىلار كېلىپ،
مىنمىسۇن مېنى.

كۆكمىكىڭىز بولاي،
چاللىقتا ياتاي.
پالگانلار كېلىپ،
ئاتمىسۇن مېنى.

كالىڭىز بولاي،
جاڭگالدا تۇراي.
پادىچىلار كېلىپ،
ساغمىسۇن مېنى.

قۇشقىچىڭىز بولاي،
دەرەخكە قوناي.

قۇرغۇيلار كېلىپ،
ئالمىسۇن مېنى.

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى ئالا، تۆتى قارا.
تەلپىكىمنىڭ قېشىدا،
گۈل ساقلىدىم، يارىم، ساڭا.

باغ ئارا باغىڭنى ئاچ،
مەن نىگارىڭنى كۆرەي.
رو چىۋىندەك سارغىيىپ،
ئايدەك جامالىڭنى كۆرەي.

مەن ئۆزۈم كىچىك بالا،
خىزمەت قىلالمىدىم ساڭا.
لەۋلىرىڭدىن سۇ ئىچىپ،
ئەسلىي قانالمىدىم ساڭا.

شاھزادىگە ئوخشايمەن،
كىمخاب تونۇمنى كىيسەم.
مۇرادىمغا يېتەردىم،
يارنىڭ لېۋىگە سۆيسەم.

ئۆگزەڭگە چىقىۋاپسەن،
كەپتەرلەرگە كۆز تاشلاپ.
ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتتۇم مەن،
بۇلبۇلۇڭ بولۇپ سايراپ.

ئالما يېگۇم كېلىدۇ،
غورا يېگۇم كېلىدۇ.
كۆڭلۇمدىكى شۇ يارنى
چىشلەپ سۆيگۇم كېلىدۇ.

چىغدىن ئۆركۈگەن توشقان،
چىلاندىن ئۆركۈگەن توشقان.
دۇشمەن ھەرنېمە دەيدۇ،
بىزنى خۇدا ھەق قوشقان.

دۇتارىمغا پەي تلرى،
راۋابىمغا سىم تارى.
بىز ئىككىيلەن ئوينايلى،
خەق ئالدىدا ئاشكارى.

ئاقمىدۇ بىلەكىڭىز،
كۆكمىدۇ خەمەكىڭىز؟
شۇنچە قىلسام بىلمەيسىز،
تاشمىدۇ يۈرەكىڭىز !؟

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تونۇدۇڭمۇ، ئەي بالا؟
كۆزلىرىم ئاقتى يولۇڭغا،
يىغلاتمىغىن مۇنچىلا.

كۈن دېسەم كۈندۈزدە يوق،
ئاي دېسەم ئاسماندا يوق.

ئوتقا سالغان سەن ئۆزۈڭ،
بۇنچە ئوت گۈلخاندا يوق.

ئۆستەڭ بېشىدا بىر بالا،
مىنگەن ئېتى بوز ئالا.
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئون بەش ياشلىق قىز بالا.

شامال چىقسا پۇرايدۇ،
يارىمنى گۈل ئورايدۇ.
قەلەم قاشلىق باغرى تاش،
قاچان گەپكە ئۇنايدۇ؟

كېپىنەك گۈلدە بولۇر،
غاز ـ ئۆردەك كۆلدە بولۇر.
مەشۇقى نادان بولسا،
ئاشىقى چۆلدە بولۇر.

ناخشا ئېيتىمەن ، يارىم،
تىڭشاپ يات سارايىڭدا.
نەچچە ئاخشام بارسامۇ
چىقمىدىڭ قارايىڭدا.

دوستمۇسەن، دۈشمەنمۇسەن،
نەدە يولۇقتۇڭ سەن ماڭا؟
خالىي بىر جاينى تېپىپ،
ئەرزىمنى ئېيتاي مەن ساڭا.

ئاق ئايدىڭدا بارسۇن دەپ،
سالام يوللىغان يارىم.
مەن بارسام ئۆزى چىقماي،
كۇندە گوللىغان يارىم.

ئىشىك ئالدى ئېرىقمىدى،
تەرگىلى تېرىقمىدى؟
ھېچبىر تۇتۇق بەرمەيسىز،
نەسلىڭىز بېلىقمىدى؟

يارىمنىڭ قارا ساچى
چۇشۇپتۇ زاڭاقىغا.
مەڭزىگە سۆيۈپ - سۆيۈپ،
تويمايمەن سىياقىغا.

تاغقا چىقتىم سۇ ئىچەي دەپ،
تاغ سۇيىنىڭ تەمى يوق.
بىر سۆيەر دەپ ۋەدە قىلسام،
بولدى ماڭا بولغۇلۇق.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
چا بۇغدايغا تويدۇڭمۇ؟
شەرەت قىلدىم رەستىدە،
لەۋەن يارىم، تويدۇڭمۇ؟

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
ئايدىڭ بولىمەن دەيدۇ.

ئون تۆت ياشلىق قىز بالا،
كۆيدۈم، ئۆلىمەن دەيدۇ.

كېچە كەلگەن مەن ئەمەس،
ئىشىك چەككەن مەن ئەمەس.
لېۋىڭدىكى شىرنىلىك
ناۋات ئەمەس، قەنت ئەمەس.

ئاتچان يولى تاشلىقكەن،
ماڭماي دېسەم ياشلىقكەن.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئاشۇ قەلەم قاشلىقكەن.

باغ ئىچىدە رومال ئاچقىن،
گۈل يۈزۈڭنى بىر كۆرەي.
گۈل يۈزۈڭنى بىر كۆرۈپ،
ئايىغىڭدا جان ئۈزەي.

شامال كەلسە قىبلىدىن،
سەن يارىمنى سورايمەن.
يار، ماڭا خەۋەر بەرگىن،
پاياندازىڭ بولاي مەن.

يارىم بەرگەن ئاق كۆڭلەك،
لىغىلدايدۇ يۇغاندەك.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
يارىم قاراپ تۇرغاندەك.

بىزنىڭ باغدا ياڭاق بار،
ئۆيدە بىر كۈپ هاراق بار.
دادام تۇيۇپ قالمىسۇن،
كۆرۈپ قالسا تاياق بار.

هەر ئاخشىمى بۇ چاغدا،
ئوت كۆيگەن ئوچاقىڭدا.
ئۆلتۇرسەڭ ئۆزۈڭ ئۆلتۇر،
بوغۇزلاپ پىچاقىڭدا.

ئارقا تاغنىڭ يوللىرى
ئالتۇن - كۇمۇش ئارىلاش.
تاپىنىمغا تاش پاتتى،
جۇپ كۆزۈمگە تولدى ياش.

ئەزىم دەريا يۇرۇڭقاش،
چىم قىياقتۇر ئىككى قاش.
يار، ئۆزۈڭدىن ئاگاھ بول،
بىزگە دۇشمەن ئارىلاش.

ياغلىقىمغا گۈل تىكتىم،
چوغ رەڭگىدە غۇنچىسى.
پەقەت سىزنى خالىدىم،
داغدا قالدى شۇنچىسى.

مەن بارغۇدەك ئەمەسمەن،
بارالىغۇدەك ئەمەسمەن.

يارنىڭ سېسىق گېپىگە
چىدالىغۇدەك ئەمەسمەن.

قاشىڭ ئەسلىي قارادۇر،
ماڭساڭ يۈرەك سالادۇر.
خۇدا ئالمىغان جاننى
بەندە قانداق ئالادۇر؟

ئاقناۋات دېگەن قوغۇن،
باراڭنىڭ كەينىدە بارمۇ؟
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
خېنىمنىڭ يادىدا بارمۇ؟

قارچىغام قانات يايدى،
سايدىكى سۆگەتلەرگە.
مۇز ياققانغا سەگىمەس،
ئوت كەتكەن يۈرەكلەرگە.

ئاق قۇشقاچ بولۇپ سايراپ،
قارا قۇشقاچ بولۇپ سايراپ.
جىسمىمدا جان قالمىدى،
يارىم قايدا دەپ يىغلاپ.

مىلتىقىمغا ئوق سالدىم،
ئاق قۇشقاچنى ئاتقىلى.
نىمىشقىمۇ تۇغۇلدۇم،
مۇنچە دەردنى تارتقىلى؟

چاپسام ساندۇق ئىچىلۇر،
گۈل باشىمغا ساچىلۇر.
يارىمدىن خەۋەر كەلسە،
خەستە كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

سەمەرقەنت شەھىرىدىن كەلسەم،
مېنى يەركەنگە پالاپتۇ.
ئالەمدە كىشى يوقتەك
كۆڭلۈم سېنى خالاپتۇ.

مەن بۇ يەرلىك ئەمەستىم،
باشلاپ كەلگەن ھەمراھىم.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنى
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار ئالدىمىكىن باشتىن؟
دۈشمەنىنىڭ سۆزى بىلەن
ئايرىلدىم قارا قاشتىن.

يارنىڭ بېغى ئالمىلىق،
ئەتراپىدا باراڭلىق.
كۆيدۈم ساڭا دەپ قويسام،
ئەجەب قىلدى ساراڭلىق.

ئاتنى ساتمىسام بولماس،
تاينى ساتمىسام بولماس.

ئىچىمدىكى دەردىمنى
ساڭا ئېيتمىسام بولماس.

قىبلىدىن شامال چىقسا،
گۈل شېخىنى قايرىيدۇ.
ۋەدىمىزدە چىڭ تۇرساق،
قانداق دۈشمەن ئايرىيدۇ؟

كەندىر تۈۋىدە كەكلىك،
يارىم بەردى يەكتەكلىك.
خالىيدا تېپىشقاندا،
يۆگەپ سۆيگىلى ئەپلىك.

ئۇ يېنىم ئالما پۇرايدۇ،
بۇ يېنىم نەشپۈت - ئانار.
سۆيگۈنۈم تۇرسا قېشىمدا،
ئۇسسۇسام باغرىم قانار.

بىزنىڭ يار كېلىپ قاپتۇ،
سۇ ئاقمىغان ساي بىلەن.
كۈتۈۋالاي يارىمنى
قەنت چىلىغان چاي بىلەن.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
سول قولۇمدا تېشىم بار.
باشقا يارنى سۆيمەيمەن،
سەندەك ئۆز قاياشىم بار.

دەريا بويىغا كەلسەم،
تۇرنىلارنىڭ ئىزى بار.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
سەن يارىمنىڭ سۆزى بار.

ئىشىك ئالدىدىن ئۆتتۇم مەن،
گەپ قىلمىدىم قېيىداپ.
گەپ قىلىپ نېمە قىلاي،
ھەسرىتىمنى يېڭىلاپ.

ئاي يۈزلۈك لەۋەن يارىم،
چاينى قازاندىن تاشتۇرۇڭ.
سىزنى مەن سۆيۈۋالاي،
ئانىڭىزدىن يوشۇرۇڭ.

ئۆجمىلەر پىشىپ قاپتۇ،
شىلدىرشاپقا قاقساڭچۇ.
پەقەت - پەقەت ھالىم يوق،
كېلىپ كۆرۈپ باقساڭچۇ.

كىچىككىنە قۇش بولدۇم،
گۈلنىڭ شاخىغا قوندۇم.
ساڭا بېرىپ كۆڭلۈمنى
غازاڭدەك سارغىيىپ سولدۇم.

قىبلىدىن شامال چىقسا،
ھەر ياڭزا ھىد پۇرايدۇ.

يارنىڭ ئىپتى پاشاخان،
كۆكچى قوغۇن پۇرايدۇ.

ئىگىز تاغقا چىقتىم مەن،
يول تېپىپ چۈشەلمىدىم.
چىرايىڭغا كۆيدۈم مەن،
ۋەسلىڭگە يېتەلمىدىم.

بۈگۈن ئون يەتتە كۈن بولدى،
يارنى كۆرمەيدۇ كىشى.
كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالسا،
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى !؟

كىچىككىنە قارا كۆز،
كەتتى ئەنجان يولىغا.
ئەجەبمۇ بەك كۆيىمەن،
تال چىۋىقتەك بويىغا.

ئېرىقىڭنىڭ تېگىدىن
سۇ ئۆتمەيدۇ، گۈلئايىم.
سېنى بىردەم كۆرمىسەم،
يامان بولار ئەھۋالىم.

ئاققىنا كەپتەر بولۇپ،
پەغىزىڭدە سايرىسام.
تاڭ سەھەرنىڭ شامىلىدەك
چاچلىرىڭنى تارىسام.

دەمدەلەر كۆرۈنمەيدۇ،
تۇتۇۋالدىمۇ كەپتەرۋاز؟
بۇقۇلدىتىپ يىغلاتماڭ،
يارىم، ماڭا قىلىپ ناز.

ئاسماندىكى تولۇن ئاينىڭ
ھەمراھلىرى يۇلتۇزكەن.
يارنىڭ يارى قېشىدا،
جاھاندا مەن يالغۇزكەن.

يامغۇر ياغدى كۆل بولدى،
ئېتەكلىرىم ھۆل بولدى.
ۋىسالىڭنى تاپالماي،
ئۇسساپ باغرىم چۆل بولدى.

ئىشىك ئالدى گۇللۈككە،
ئۈنۈپ چىققان لەيلىمۇ؟
ئوتۇڭدا كۆيۈپ - كۆيۈپ،
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىمۇ؟

ئۆزى كەلسۇن دېگەنسىز،
سۆزى كەلسۇن دېگەنسىز.
قارلۇق ئۆستەڭ[1] سۇيىدە،
ئېقىپ ئۆلسۇن دېگەنسىز.

① قارلۇق ئۆستەڭ — كېرىيىدىكى چوڭ ئۆستەڭ.

يامغۇر ياغىدۇ تاشقا،
دەردلەر كېلىدۇ باشقا.
باغرى قاتتىق قاراكۆز
ئېرىمەيدىكەن ياشقا.

تاشنى ئۇرىسەن تاشقا،
تۇغۇلدۇمۇ يىغلاشقا؟
قاچان سۆيۈپ قويىسەن،
تاقىتىم يوق گوللاشقا.

هويلىمىزدا قىزىلگۈل،
ئۆزۈپ بېرەي پۇراملا؟
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
سۆيمەي قاراپ تۇراملا؟

گۈلنى بەرسەم ئالىسىز،
ئايدەك گۈزەل بالىسىز.
گۈلگە گۈل پۇراتمايسىز،
بىزنى ئوتقا سالىسىز.

بېشىڭدىكى رومالىڭ
گۈل كەشتىسى زىيادە.
هېچبىر هالىم قالمىدى،
رەهىم قىل، ئېسىلزادە.

ئاتىڭ ئاتلىقى بولسا،
قالامدۇ ئاتىڭ كەينىدە؟

مەنغۇ يار دەپ يىغلىدىم،
كىم بار شۇ يارنىڭ مەيلىدە؟

ئۇيان باقىسەن، يارىم،
بۇيان باقىسەن، يارىم.
مېنىڭ خەستە دىلىمغا
ئوتنى ياقىسەن، يارىم.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
مېنى ئەجەب ئىزدەتتى.
ئېيتىڭلارچۇ، تۇغقانلار،
ئامراق يارىم نە كەتتى،

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
مېنىڭ غېرىب گۇۋاھىم.
باشقىلارغا كۆز سالسام،
جاننى ئالسۇن خۇدايىم.

ئاسماندىكى يۇلتۇزۇم،
دەريادىكى قۇندۇزۇم.
تەنىللادىن ياستۇقۇم،
ئۆزۈم يالغۇز، يالغۇزۇم.

ئوڭ قولۇمدا قەنتىم بار،
سول قولۇمدا ئاق ناۋات.
بوسۇغاڭدىن كەتمەيمەن،
مەيلى مېنى چاينىۋەت.

ئىشىك ئالدى ھاۋالىق،
قۇش سايرايدۇ ناۋالىق.
ساقايمىغان جانىمغا
لېۋىڭ بولغاي داۋالىق.

ئىشىك ئالدى ھاۋالىق،
سايە بېرىدۇ سەگە.
تاڭ ئاتقۇچە ساقلىدىم،
دەز كەتتى يۈرەكىمگە.

باردىم مەن، تولا باردىم،
يارۇ جانان قېشىغا.
نەچچە ئايلاپ ساقلىسام،
بىر چىقمىدى تېشىغا.

مىڭ پىچاق يۈرەككە تەگدى،
ئاغرىدى دەپ تۇرمىدۇق.
مىڭ كىشى ئالدىمدا تۇرسا،
سىلىگە تەڭ كۆرمىدۇق.

چوكان چولپاندەككىنە،
بېلى تاسمىدەككىنە.
شۇ چوكاننىڭ قىلىقى
ئون بەش ياش قىزدەككىنە.

قىزىلگۈلنىڭ پۈرىقى،
شېخىدا يوپۇرمىقى.

سۆيگىنىڭىز بىر بولسۇن،
ئاخىرەتتە سورىقى.

ساي بويىدا مەرەمخان،
سېرىق رەڭدە خال قويغان.
بۇ ناخشىنى ئېيتمايتتىم،
يارىم كېلۇر دەپ ئېيتقان.

مېھرىبانىم مېھرىسەن،
قىزىلگۈلنىڭ نۇرىسەن.
باغدا بۇلبۇل، تاغدا كەكلىك،
بىرى سەندۇر، بىرى مەن.

هاراق ئىچمەن دەيدۇ،
چىنە تەخسىدە لازىسى.
مېنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ
چېكىسىدە چازىسى.

يا بىر سېرىق قۇشقاچ بولۇپ،
سايراپ شېخىمغا قونمىدىڭ.
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ،
بىردەم قېشىمدا تۇرمىدىڭ.

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ تولۇپ ئاقسۇن.
يارغا يار كېرەك بولسا،
يارمۇ بىر كېلىپ باقسۇن.

قولۇڭدىكى تاياقمۇ،
شىشەڭدىكى هاراقمۇ؟
بىرە - بىرە كەلمەيسەن،
ئۆيۈڭ شۇنچە يىراقمۇ؟

ساتارىمنى سايراتتىم،
يېڭى چىققان ناخشىغا.
مەنمۇ كۆيدۈم، ئەلمۇ كۆيدى،
جانان، سەندەك ياخشىغا.

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
شېكەر بەرسەم سايرايدۇ.
دۈشمەن بىزنى كۆرەلمەي،
ئارقىمىزدىن مارايدۇ.

ئىشىك ئالدى ئانارگۈل،
ئانارگۈلنى پۈرامىلا؟
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ،
گۆھەرنى تاشقا ئۇرامىلا؟

قاپتىن ئۇقيا ئالدىمەن،
سايدا جەرەن ئاتقىلى.
نومۇس قىلما، قارا كۆز،
بىر يوتقاندا ياتقىلى.

پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ،
يار چاچىنى تارايدۇ.

شەرەت قىلسام يۈتىلىپ،
قاش ئوينىتىپ قارايدۇ.

شايى ـ شايى ئەمەسمۇ،
شايى پۇلغا كەلمەسمۇ؟
شايى كىيگەن شۇ خېنىم،
بىزنىڭ قولغا كەلمەسمۇ؟

ئىشكىمدىن ئۆتكىن دەپ،
تاختا كۆۋرۈكنى سالدىڭمۇ؟
كىچىككىنە جانىمغا
شۇنچە ئوتنى سالدىڭمۇ؟

كۆرگىلى كەلدىڭمۇ، يار،
ئولتۇر قېشىمدا بىر زامان.
بىر زامان ئولتۇرمىساڭ،
ئارمان قىلۇرسەن ھەر زامان.

دەريادىكى ئۇلۇغ سۇ
تاشتىن ـ تاشقا سەكرەيدۇ.
ھوشيار بولمىساق، يارىم،
دۈشمەن بىزنى قەستلەيدۇ.

زوقۇم كەلدى ئىشىڭغا،
باراي دېدىم قېشىڭغا.
بىر گېپىمغۇ بار ئىدى،
تەگمەي دېدىم چىشىڭغا.

غۇنچە گۈللەر گۈل بولدى.
گۈلگە كۇندە قارايمەن.
يارىم، جاۋاب بەرسىڭىز،
قاچانلاردا بارايمەن؟

قۇرغۇي بالىسى ئالىم،
لاچىن بالىسى زالىم.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
قانداق قىلىمىز، يارىم؟

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
نوگاي چۈشتى چىرايلىق.
ھەممە كىشى ئاراسىدا،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

كۆزلىرىمگە سۈرمە سۈردۈم،
قاشلىرىمغا قاش قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

تاڭ سەھەردە قارىسام،
يار گۈلىنى كۆرگىلى.
يۈرىكىم قانداق چىدار،
سەندىن بۆلەكنى سۆيگىلى؟

قارىغاي كېسىپ قويدۇم،
قۇرۇسا قالارمەن دەپ.

كىچىك يار تۇتۇپ قويدۇم،
بۇيرۇسا ئالارمەن دەپ.

ئىشىكىڭدىن ئۆتەرمەن،
يۆتىلىپ، گۇل كۆتۈرۈپ.
مەيلىڭىز بولسا چىقىڭ،
چىنىدە چاي كۆتۈرۈپ.

ئاقچى قوغۇن ئاق ناۋات،
كۆكچى قوغۇن كۆك ناۋات.
باشقىلارنىڭ قانداقكىن،
مېنىڭ يارىم قەنت ـ ناۋات.

ئاق كۆڭلەكنى كىيمەيمەن،
ئاق كۆڭلەك ياراشمايدۇ.
بىز ئىككىمىز ئوينىساق،
باشقىلار تالاشمايدۇ.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
پېشايۋاننىڭ تىرىكى.
قىيامەتتە ئۆچەرمۇ،
ئىككىمىزنىڭ كۆيۈكى.

باغدا ئۆسكەن لەيلى بىز،
تاغدا ئۆسكەن لەيلى بىز.
غېرىب بىلەن سەنەمدەك
ئۆلۈپ كەتسەك مەيلى بىز.

يارىم قوناق ئوتايدۇ،
يول بويى قوناقلىقتا.
تەرلەپ كەتسەم يەلپۈيدۇ،
ئانارگۈللۈك ياغلىقتا.

ئوقيا ئالدىم قولۇمغا،
سايدا جەرەن ئاتقىلى.
ھويلىڭىزغا گۈل تاشلىدىم،
رىشتىمىزنى چاتقىلى.

چىقىۋاپسەن تېرەككە،
ئالتە ئاي بولدى بۇ دەردكە.
شېرىن جانلار ئۈنمايدۇ،
سەن يارىمدىن بۆلەككە.

گۈل بېغىمدا ئاچىلغان
ئانارگۈلنىڭ بىرىمەن.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان
قارا كۆزنىڭ خىلىمەن.

شەھەر كوچىسى تار ئىكەن،
شېغىلى ئانار ئىكەن.
يېڭىدىن بىر يار تۇتسام،
دەردى بەك تولا ئىكەن.

جامالىڭنى كۆرمىسەم،
پىراقىڭدا كۆيمەستىم.

سەن ئۇماقنى يارىم دەپ،
لەۋلىرىڭگە سۆيمەستىم.

تالاغا چىقىپ باققىن،
سالقىن بىر شامال بارمۇ؟
دەردىڭدە يۈرەك كۆيدى،
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

مەن باشقا يېرىپ باقسام،
ئۆردەك بىلەن غاز ئاتسام.
ئۆردەك بويلۇق جۇۋاننى
باغرىمغا تېڭىپ ياتسام.

بارغۇم بارۇ بارغۇم بار،
بىزنىڭ باغدا زاغۇن بار.
كىمنىڭ قىزى ئۆز بولسا،
شۇنى بېرىپ ئالغۇم بار.

سېنى دەپ دەريانى كەزدىم،
ئۆلمىدىم سۇدا ئېقىپ.
گاھى ئەقلىم بىرلە باردىم،
گاھى ئەقلىمدىن ئېزىپ.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
يۈرەكتە دەردى بار دەمسەن؟
ئايدا ـ يىلدا كۆرۈنۈپ،
ئۆزۈڭنى ئەتىۋار دەمسەن؟

سەن ئاسمانغا قارايسەن،
بىزنىڭ كۆلدە ئاي يوقمۇ؟
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
ماڭا باشقا يار يوقمۇ؟

لىپ ـ لىپ ئېتىدۇ كۆڭلۈم،
يار قېشىغا بارغىلى.
لېۋىگە سۆيۈپ قويۇپ،
تەننى تازا قىلغىلى.

بېغىمدىكى بۇلبۇلۇم،
كۆز بولدى ئۇچۇپ كەتتى.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىم سىزىپ كەتتى.

تۇرنىلارنىڭ يولى يوق،
يول سالارنىڭ ئورنى يوق.
ئۆزۈڭ كەلمىسەڭ، يارىم،
مەن بارارنىڭ ئورنى يوق.

دەردىمنى يار بىلەرمۇ،
ماڭا قاراپ كۈلەرمۇ؟
مەن ئىزدىسەم مىڭ قېتىم،
يار بىر قېتىم كېلەرمۇ؟

هويلاڭدىكى تېرەككە
ئوت كەتتىمۇ، نېمە بولدى؟

بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق،
كۆز تەگدىمۇ، نېم بولدى؟

بېشىڭدىكى تۇماقمۇ،
قولۇڭدىكى چوماقمۇ؟
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئالما بىجىق ئوماقمۇ؟

ئوسما قويغان قېشىڭغا،
يامغۇر چۈشسە ئۆچەرمۇ؟
يۈرەكتىكى ئىشق ئوتى،
يارىم، ساڭا كۆچەرمۇ؟

قىزىلگۈللۈك چىنەمسىز،
قولغا ئالسام سۇنامسىز؟
ئالتە ئاي كۆيۈپ ئوتۇمدا،
ئايرىلىشقا چىدامسىز؟

تۇمۇچۇق كېلىپ قوندى،
قىزىلگۈلنىڭ شېخىغا.
سېغىنغاچ كېلىپ قالدىم،
سەن يارىمنىڭ قېشىغا.

ئىسلىماڭ بىلەكمگە،
مەن يېتەي تىلەكمگە.
سېغىنىپ نىگارىمنى،
ئوت كەتتى يۈرەكمگە.

ئېگىز قومدىن سىيرىلدىم،
سىيرىلغاننى كىم كۆردى؟
يارىم، سېنى سېغىندىم،
ساڭا مەندەك كىم كۆيدى؟

سېغىنغاندا، يار، سېنى،
تىكىلىمەن بولاققا.
توننى تاڭغا ئۇلايمەن،
چىداپ ھىجران - پىراققا.

سېغىنغاندا يار كەلسە،
باشلىۋالسام ئۆيۈمگە.
ئۇنىڭ نازۇك قولىنى
سۈرتمەسمىدىم كۆزۈمگە.

باغلىرىڭغا باقمەن،
ئېرىقىڭدا ئاقمەن.
سەن كەلگەندە، ئامرىقىم،
باغرىمغا چىڭ ياقمەن.

دېرىزەڭنى چېكىمەن،
چىقالمىساڭ كېتىمەن.
ئوخلاپ قالما، ئامرىقىم،
تاڭ ئاتقۇچە كۈتىمەن.

يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى
قىزىل دۇردۇن، تاۋاردۇر.

شۇ يارىمدىن ئايرىلسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

قۇلاقىڭدا پوپوزا،
بىلەزۈك بىلەكىڭدە.
كۆيۈپ قالدىم، سۆيمەيسەن،
تاش بارمۇ يۈرەكىڭدە؟

مەككە دەپ ماڭدىم يولۇڭغا،
ھاجى دەپ قىلدىم تاۋاپ.
سەن ناۋاتتا خالتا بەرسەڭ،
مەن جىگەرىمدە كاۋاپ.

دۇتارنى چېلىۋەردىم،
كەلسە ـ كەلمەس پەدىگە.
ساراڭ بولۇپ قالايمۇ،
سەن يارىمنىڭ دەردىگە؟

ئىشىك ئالدىدا ئېرىق،
ئاستا ـ ئاستا ئاتلىدۇق.
سىز بەرگەن قىزىلگۈلنى
ھېچكىمگە بەرمەي ساقلىدۇق.

يارنىڭ بېشىدا ياغلىق،
قاش ـ كۆزى كۆرۈنمەيدۇ.
يار يېنىمدا ئولتۇرسا،
تاڭ ئاتقان بىلىنمەيدۇ.

بۇ يىل ئالما بەك بولدى،
ھەر شاخىدا مىڭ دانە.
مېنى كۆيدۈرگەن خېنىم،
يۇرتىمىزدا بىر دانە.

ئۆرۈكۈم قاتار ـ قاتار،
يارىم ئۆيىدە ياتار.
يارىم ئۆيىدە ياتسا،
بىزگە قانداق تاڭ ئاتار؟!

چاسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
توققۇز ئىشىك تەڭ ئېچىلۇر.
بىزنى كۆيدۈرگەن سەتەڭنىڭ
بېشىدىن گۈل چېچىلۇر.

ئۆستەڭ ئالدىدا يولدا
ئايغىڭنىڭ ئىزى بار.
يۈرىكىمنى يېرىپ باق،
ساڭا كۆيگەن دەزى بار.

مەن باراي بازارىڭغا،
چاي سالاي قازانىڭغا.
ئاخۇنۇم نەزىر قىلسۇن،
ئالمىدەك چىرايىڭغا.

ئالما ئاتتىم تالىققا،
ئورىۋالدىم ياغلىققا.

ئەجەب ئىچىم كۆيەدۇر،
سىز يارىم چىرايلىققا.

يۇرۇڭقاشتىن ئات ئالدىم،
مىنىپ چىقتىم يۇگەنسىز.
مەن سىزگە كۆيۇپ قالدىم،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

بېغىمدىكى گۇللۇكتىن
تېپىۋالدىم تۇگۇنچەك.
كۆڭلۇمنى ئۇتۇۋالغان
مېنىڭ يارىم كۇلگۇنچەك.

يارىمغا ساراي سالسام،
گۇل بىلەن مۇنار سالسام.
يار ئىچىدە بىلەرمۇ،
ھەرقانچە گۇناھ قىلسام؟

بۇلبۇل ئۇۋا ياساپتۇ،
قىزىلگۇل ئاراسىغا.
مەن ئەجەب كۆيۇپ قالدىم،
كۆزۇڭنىڭ قاراسىغا.

سەن يارىمنى ياد ئېتىپ،
ناخشا ئېيتىمەن كۇندە.
دەرد ئىچىدە يىغلايمەن،
ھېچكىم ئاڭلىماس ئۇندە.

قېرى سۆگەت ياغىچى
نو بولامدۇ، ئويلاپ باق.
كۆڭلۈڭنى ئاللايمەن،
مېنىڭ بىلەن ئويناپ باق.

ئۆردەك ئاتتىم غاز بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم تۇز بىلەن.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
ئوينىۋالدىم ئۇز بىلەن.

ئالسىلا، پات ئالسىلا،
تالدى مېنىڭ بىلەكىم.
سۆيسىلە، پات سۆيسىلە،
چىدىمىدى يۇرەكىم.

بىزنىڭ باغقا كىرىپ باق،
ئالما ئۇزۇپ تېتىپ باق.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
يۇرىكىمنى يېرىپ باق،

باھار كېلىپ، ياز كېلىپ،
كاككۇك قوندى تېرەككە.
كۆڭلۈم ھەرگىز ئۇنىماس،
سىز يارىمدىن بۆلەككە.

باغدا پىشتى خۇۋەينە،
يەپ باقامسىز بىر دانە؟

بىلى بوش دەپ يالتايماڭ،
بولاي ئەمدى مەردانە.

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،
توختاپ قالمىسىلا، يارىم.
باغلىرىدا كۈتىمەن،
ئۇخلاپ قالمىسىلا، يارىم.

ئاق رومالىڭ ئىپىلكەن،
ئۈرۈمچىدىن ئالغانمۇ؟
كۆيدۈم دەيسەن، قارا كۆز،
راست كۆيدۈڭمۇ، يالغانمۇ؟

بارغىنىمدا ياز ئىدى،
يانغىنىمدا زىمىستان.
كۆڭلۈم قانداق ئۇنايدۇ،
يارىم، سەندىن ئايرىلسام؟

شىلدىرلايدۇ ھويلىڭىز،
قومۇشلۇققا ئوخشايدۇ.
ئاخشام سۆيگەن سىيكىلەك
تۇمۇچۇققا ئوخشايدۇ.

باغ ئارا ئىشىكىڭنى ئاچقىن،
مەن نىگارىمنى كۆرەي.
زەپىراندەك سارغىيىپ
تۇرغان جامالىڭنى كۆرەي.

هاۋانىڭ بۇزۇقلۇقى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇقى.
بۇ مېنىڭ خامۇشلۇقۇم،
يېنىمدا يارنىڭ يوقلۇقى.

راۋابىمنىڭ تارىسى
پەي - پەيگە ئوخشايدۇ يەنە.
بوش چاغلىماڭ، نازۇك خېنىم
تەتەيگە ئوخشايدۇ يەنە.

يارىم بىلەن چاي ئىچتۇق،
ئانارگۈلى چايداندا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
جۈمە كۈنى مەيداندا.

مەن ئۇچامغا قارىسام،
يارىم ئېپ بەرگەن كۆڭلەك.
ياردىن بىردەم ئايرىلسام،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

بىزنىڭ باغدا جانانە،
يەپ باقسىلا بىر دانە.
ئوتلىرى يامان ئىكەن،
بىزلەر بولدۇق دىۋانە.

ئۆستەڭ باشىدا قوي سويسام،
باللار كاۋاپ دەيدۇ.

قارا كۆز مېنىڭ يارىم،
سۆيسىڭىز ساۋاب دەيدۇ.

ئۆستەڭ بويلاپ ماڭغۇچە،
قاراپ تۇردۇم يانغۇچە.
غۇنچە بويلۇق يارىمنى
سۆيەلمىدىم قانغۇچە.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
چۆرىسى يالاڭ قاپتۇ.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
كىم بېرىپ ساڭا دەپتۇ؟

مېنىڭ دەردىم بەك تولا،
يارغا ئېيتمىسام بولماس.
ئەل شۇنچىلا گەپ تاپتى،
ئەمدى سۆيمىسەم بولماس.

يارىم رومال ئارتىپتۇ،
پېشانىسىگە چۆكۈرمەي.
قاچانغىچە يۈرەرسىز،
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرمەي؟

ئۆستەڭ بويىدا ساندۇق،
ساندۇق ئىچىدە جابدۇق.
قانداق قىلىمىز، يارىم،
كۆيۈك ئوتىدا قالدۇق.

چامغۇرلۇقۇ چامغۇرلۇق،
چامغۇرلۇقتىن ماڭغۇلۇق.
كىمنىڭ قىزى ئۆز بولسا،
شۇنى بېرىپ ئالغۇلۇق.

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،
پىيادە يېتەلمەيسىز.
يار، مۇنداق جاپا قىلماڭ،
سىز مەندىن كېچەلمەيسىز.

يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى
شىپۇڭ، ئەتلەس، تاۋاردۇر.
يارىم، سەندىن ئايرىلسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

پەرداز قىلىپ چىقىپسەن،
چوڭ بازارغا ماڭدىڭمۇ؟
ئۇچراشساق قارىمايسەن،
يېڭىدىن يار تاپتىڭمۇ؟

غەزەل توۋلاپ كوچىدىن
ئۆتۈپ كەتتى ياش باللا.
خەۋەر ئالاي دېمەيدۇ،
باغرى قاتتىق تاش باللا.

ئات مىنسەممۇ ئوينايمەن،
مىنمىسەممۇ ئوينايمەن.

كىم جىنىمغا ئەسقاتسا،
شۇنىڭ بىلەن ئوينايمەن.

پىچىقىڭىزنى بەرسىڭىز،
پىيازىمنى ئاقلىسام.
سۇرىتىڭىزنى بەرسىڭىز،
ئالبومىمدا ساقلىسام.

سوپىياڭ سېرىق بولۇر،
قۇم ياقىسى تېرىق بولۇر.
ئىككى يار تۇتقان خېنىمنىڭ
چىرايى سېرىق بولۇر.

ئۆستەڭ بېشىدىن كەپلا،
تەمەچ تەرگەچ كەلمەپلا.
قوللىرىدا قولياغلىق،
ناۋات چەگكەچ كەلمەپلا.

ئەي خېنىم، تۇتماڭ قولۇمنى،
ئاي قاراڭغۇ، يول يىراق.
خۇدايىم شۇنداق سالامدۇ،
ئىككىمىزگە ئىشتىياق؟

يانچۇقۇمدا پۇلۇم بار،
تېگىشىپ بەرسىلە.
بوي يەتمىدى سۆيگىلى،
ئېگىشىپ بەرسىلە.

نامازشامدا يولىڭىز،
شەلپەربدە تونىڭىز.
قاراپ ـ قاراپ كەتتىڭىز،
كىمگە چۈشتى كۆڭلىڭىز؟

چىمچىلاقنى قىيسۇەتتى
گۈل شېخىدا بىر قىياق.
چىرايىمنىڭ سېرىقلىقى
دەرد بىلەن پىراق.

ئۇخلىسام تاڭ ئاتمىدى،
ئۇزۇن ئىكەن كېچىڭىز.
چىدىغىلى بولمىدى،
يامان ئىكەن ئوتىڭىز.

بىلەزۈكنى تالاشماڭ،
ئاق بوغماق بىلىكىم بار.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ،
يالقۇنلۇق يۈرىكىم بار.

ئاتنىڭ ئوبدىنى بولسا،
تاغنى يايلىمايمەنمۇ؟
يارنىڭ ئوبدىنى بولسا،
جاننى ئاتىمايمەنمۇ؟

ئالما ـ ئانار بېغىمدا،
خىللاپ يەڭلار، ساتمايمەن.

ئىشچان يارغا مەيلىم بار،
تائەبەدكە ساقلايمەن.

غېرىبمەن دىلى سۇنغان،
يېنىمدا يوق ھەمراھىم.
بەندەم دېسە يارىمدىن،
ئايرىمىسۇن خۇدايىم.

لەڭگەر[1] سېيىدىن كەلگەچ،
ئارىشتا[2] قونۇپ قالدۇق.
شۇ يارنىڭ پىراقىدا،
دۇتارچى بولۇپ قالدۇق.

يارىم ئورما ئورۇپتۇ،
چېچى بەلدە تولغىنىپ.
يار دەردىدە يىغلايمەن،
كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ.

كۆك تاۋاردا بۆك كىيىپلا،
زەپ ياراشىپتۇ، خېنىم.
ھەممە ئادەم غۇنچە بويىكەن،
دەپ قاراشىپتۇ، خېنىم.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا
غاز ـ ئۆردەكلەر ئويناپدۇ.

① ② لەڭگەر، ئارىش ــ كېرىيىدىكى جاي ناملىرى.

ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك
بىر سۆيگەنگە تويمايدۇ.

ئەل پىراقۇ ئەل پىراق،
دىلدا ياندى ئىشتىياق.
ئىشتىياقنىڭ دەردىدە
بىر كۈن ئاغرىق، بىر كۈن ساق.

قىرغا پىياز تېرىدىم،
ئېتىزغا يالاڭ[1] سامساق.
مەن يارىمنىڭ دەردىدە،
بىر كۈن ئاغرىق، بىر كۈن ساق.

ئۈۋىلاپتۇ قارلىغاچ،
پېشايۋاندا، پەرماندا.
بىز شۇنداق ئۆتەرمىزمۇ،
كۆيۈك ئوتى ئارماندا؟

مەن بارايمىكىن تۈزغا،
يۈرىكىمنى يېقىپ مۇزغا.
يانچۇقۇمدا بىر تىيىن يوق،
ئىچىم كۆيىدۇ ئۈزغا.

قولۇمنى كېسىۋەتتى،
گۈش توغرايدىغان پىچاق.

① يالاڭ ــــ پۈتۈنلەي (ساپ).

يۈرەكنى ئېزىۋەتتى
دۆڭ مەلىدىكى قىزچاق.

ئاق تەلپەك، قارا تەلپەك،
كىيسەڭ ساڭا يارىشار.
مەن يارىمنى بەرمەيمەن،
دۈشمەن گۈيلار تالىشار.

گۈل ئۈزۈپ بېرىڭ ماڭا،
بىر پۈراي، ئىككى پۈراي.
سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
بىر جايدا قانداق تۇراي؟

ئوچاقىڭغا ئوت قالاپ،
يۈزلىرىم قارا بولدى.
سېنى مەن تولا ئويلاپ،
يۈرىكىم يارا بولدى.

باغىڭدىكى شاپتۇلنىڭ
شاخلىرى ئەجەب پەسكەن.
چىقمايسەن تالا - تۈزگە،
سېنى كۆرمەك بەك تەسكەن.

ئوچاققا ئوتۇن سالدىم،
چوڭلىرىنى ئۈششاقلاپ.
ئۇخلاپ يېتىپ چۈش كۆردۈم،
سەن يارىمنى قۇچاقلاپ.

ھاۋادا يۇلتۇز تولا،
سانسام ئوتتۇزغىنا.
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
جۇپ بولماي يالغۇزغىنا؟

پولو[1] سايىنىڭ تاشلارى،
مېنىڭ يارىمنىڭ قاشلارى.
ئۇلۇغ سايدا ئاققان سۇ،
سەن يارىمنىڭ ياشلارى.

قۇرغۇي قوندى قولۇمغا،
لاچىن قوندى بېشىمغا.
سەن يارىمنى ياد ئېتىپ،
كۆلاڭ تولدى يېشىمغا.

ئانام بەرگەندە دەشنام،
دادام بەرگەندە دەشنام.
يادىمغا يېتىپ قالۇر،
قاتتىياقتىكى[2] ئاشنام.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى
جىگدىلىك ھەم بېدىلىك.

---

① پولو — كېرىيىدىكى تاغ.
② قاتتىياق — جاي ئىسمى.

قارلۇقتىكى[1] يارىمغا
مەن ئەۋەتەي بەندىلىك[2].

تىزدىم ئۈنچە ـ مارجاننى،
بوينۇمغا ئاسارمەن دەپ.
يارغا بەردىم كۆڭلۈمنى،
مېھرىگە قانارمەن دەپ.

پالتا سالدىم تېرەككە،
ئۈنى كەتتى سېيەككە[3].
ئالتە ئاي بولدى كۆيەككە،
دەز كەتمەمدۇ يۈرەككە؟

ۋەدە قىلغان ئۆزىڭىز،
گۇۋاھچىسى كۆزىڭىز.
ئۆلۈپ كەتسەك ئارمان يوق،
ئايرىلماستىن ئىككىمىز.

مەھەللەڭگە جۆنەيمەن،
ئىشىك ئالدىڭدا تۈنەيمەن.
دۈشمەن گۈينىڭ ئالدىدا،
تاللاپ سېنى سۆيەي مەن.

---

① قارلۇق — كېرىيىدىكى بىر كەنت.
② بەندىلىك — سالام مەنىسىدە.
③ سېيەك — كېرىيىدىكى يېزا.

بىرى نوچى، بىرى چاقچان،
يەر ـ جاھان ساڭا باقچان.
سەندىن ئۆزگىسى يوقتۇر،
كۆڭلۈمگە ئەجەب ياقچان.

ئۆلچەپ سىنىڭ بويۇڭغا،
تون تىكەرمەن تويۇڭغا.
ئەجەبمۇ خۇمار بولدۇم،
سىنىڭ نازلىق خويۇڭغا.

بىزنىڭ دەريا چوڭ دەريا،
تارمىقى تارام ـ تارام.
سەن كۆڭلۈڭنى بەرمىسەڭ،
مېنىڭ سۆيگىنىم ھارام.

مايىسنى يۇلۇپ قويۇپ،
كۆچۈرەلمىگەن يارىم.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
ئۆچۈرەلمىگەن يارىم.

خەنجىرىم بار بەك ئۆتكۈر،
كەسمەس گۈلنىڭ شېخىنى.
مېنىڭ يارىم ئەقىللىق،
سۆيمەس مەندىن باشقىنى.

باغىڭدىن ئۈزۈۋالدىم
ئەترە بىلەن لەيلىنى.

يارنىڭ ئىشقى تارتىدۇ،
ھەر كىشىنىڭ مەيلىنى.

ئاسمىنىڭدا تۇۋرۇك يوق،
دەريايىڭدا كۆۋرۈك يوق.
ۋاپادارىم سەن بولساڭ،
مېنىڭ كۆڭلۈم دائىم توق.

بۇلۇت ئايغا دال بولدى،
چىقمىدى ئاي پارىسى.
مەن ئۆلەر ھالەتتە ياتسام،
قېنى، يارنىڭ قارىسى؟

قاشىڭ بىلەن قارايسەن،
زۇلپىڭ بىلەن باغلايسەن.
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن.

سېنىڭ ئايدەك جامالىڭغا
خۇدايىم نۇرنى سالدى.
ئەزەلدىن تا قىيامەتكە،
مېنىڭ جېنىمنى شۇ ئالدى.

ئۆلەرمەنمۇ، كۆيەرمەنمۇ،
ئۆزۈمنى چاغلىيالمايمەن.
يامان - ياخشى گۇناھ قىلسا،
ئەقىدە باغلىيالمايمەن.

ئاق ئالمىنىڭ شاخىدەك
ئېگىلەمسەن، ئاق جۇۋان؟
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
سەن بىلەمسەن، ئاق جۇۋان؟

ئىشىك ئالدى كۆل بولسا،
قاپاق تېرەك ئۆسەمەدۇ؟
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
كۆڭلۈم تاغدەك ئۆسمەمدۇ؟

مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆلەرمەن،
يولدا قويماڭلار مېنى.
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،
چۆلدە قويماڭلار مېنى.

مەن يارنى كۆردۈم،
مەستانە بولدۇم.
ئەقلۇ ھوشۇمدىن،
دىۋانە بولدۇم.

دىۋانە قىلغان
ئايدەك يۈزۈڭدۇر.
مەستانە قىلغان
شېرىن سۆزۈڭدۇر.

جۇۋان ئايلام توم بىلەك،
چوكان ئايلام توم بىلەك.

ئۆيىڭىز قەيەردىرەك،
مەنمۇ باراي شۇ يەرگىرەك.

بىر قويۇم ئىككىنى تۇغدى،
بىرىپ كۆرۈك قوزاسىنى.
كىم يامانلىق ئەيلىسە،
خۇدا بىرۇر جازاسىنى.

ئالما تاپتىم، سويمىدىم،
سويما تاپتىم، ئويمىدىم.
مەن ئۆزۈم چوك بولغىلى،
چوكان - جۇۋانغا تويمىدىم.

ساندۇقتا جىق ئوق ئىدى،
ئاتماستا كۆڭلۈم توق ئىدى.
چوكانغا كۆيگەن چاغلىرىم،
ساقال - بۇرۇتۇم يوق ئىدى.

كىچىككىنە ئېرىق چاپتىم،
ئاتلاپ ئۆتكۈدەك.
سۇزۇككىنە سۇ كېلىپتۇ،
قېنىپ ئىچكۈدەك.

يار كېلىپ گۇلدەستە تۇتسا،
تار كېلەر دۇنيا ماڭا.
جان دىلىمدىن ئەتىۋاردۇر،
شۇ گۇلى رەنا ماڭا.

ئاق جۇۋانغا قاش ئاتاي،
يۇمىلاق جۇۋانغا تاش ئاتاي.
ۋەدىسىدە تۇرمىسا،
ئۇرۇپ زاڭاقىنى يۇمشىتاي.

ئاق جۇۋان دەيمۇ سېنى؟
يۇمىلاق جۇۋان دەيمۇ سېنى؟
باغدا باققان پاقلىنىمدەك،
ئۆلتۇرۇپ يەيمۇ سېنى؟

دوزاخ ئوتىدا تونۇر قىزىيدۇ،
نانى كۆيمەيدۇ.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشتا
ئۆردەك ئۈزەدۇر، يارىم بىلمەيدۇ.

خالايىق سەۋر، قىل دەيدۇ،
دەردىمنى بىلمەيدۇ.
كېچە ـ كۈندۈز يىغان ئەيلەپ،
ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.

كىچىككىنە تۇرۇمتاي
قوندى بىلەككە.
قاراپ تۇرغان يارىمنىڭ ئوتى
تەگدى يۈرەككە.

كىچىككىنە ئۆردەكىم بار،
غازغا قوشۇلماس.

ئەقلى بولسا چوكانلىنىڭ،
تازغا قوشۇلماس.

ئى خېنىم، يۇمىلاقىنالىڭ،
چىلگە پۇرايدۇ قوينىڭىز.
بىر سۆيۈپ، ئىككى سۆيۈپ،
قانداق قانادۇر كۆڭلىڭىز.

كېلىڭ، يارىم، ئوينايلى،
دەريا بويى بويلايلى.
بىلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ،
بىز خۇداغا يىغلايلى.

ئاسماننى ئالاڭ دەيدۇ،
يۇلتۇزنى شالاڭ دەيدۇ.
مەن سىزنى ئالاي دېسەم،
دۇشمەنلەر سارالڭ دەيدۇ.

گۇللەر تېرىدىم تۇزدە،
ئېچىلىدۇ كەچ كۇزدە.
سىز باققاچ ۋاپا بىلەن،
بىزنىڭ كۆزىمىز سىزدە.

ئالىمان قارچىغام بولسا،
قوندۇرسام بىلەكىمگە.
ياخشى يار مېنىڭ بولسا،
بىر تاڭسام يۈرەكىمگە.

ئى خېنىم، ساقلاپ تۇرۇپ،
ئەسلىدە ماڭغۇم كەلمىدى.
قاش - كۆزنى ئوينىتىپ،
چىقسا خېنىم جان قالمىدى.

ئانام بەرگەن ئاق كۆڭلەك،
كات ئۇستىدە قاتلاقلىق.
سەن يارىمنىڭ گەپلىرى
يۈرىكىمدە ساقلاقلىق.

سېنىڭ ئاشناڭ مېنىڭ دوستۇم،
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆزگە ئىلمىغان يارنىڭ
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

كېلىڭ ئوينايلى،
يار بىلەن بوستان.
كېلىڭ ئوينايلى،
باغ بىلەن بوستان.

سەن - سەن، مېنى سەن
خارابە قىلدىڭ مېنى سەن.
ئوتلارغا سېلىپ،
كاۋاپ قىلدىڭ مېنى سەن.

ئاق كۆڭلەكنى كىيىۋېلىپ،
جىمى ئالەمنى كەزدىلە.

كۆيدۇرۇۋېلىپ ئۆزلىرى،
يۈرىكىمنى ئەزدىلە.

كۆيدۈم ـ كۆيدۈم ئىشقىڭدا،
كۆيدۈم جانان يار ـ يار.
شۇنچە كۆيدۈم بىلمىدىڭ،
كۆڭلى يامان، يار ـ يار.

ئېگىز تاغنىڭ كۆلەڭگىسى
سايىنى تالاشۇر.
چىرايلىقنى يار دەپ تۇتساڭ،
خويمۇ ياراشۇر.

تاش تاشلىدىم تاش كۆلگە،
كۆز تاشلىدىم بىر گۈلگە.
بۇ ئالەم بېخىل ئالەم،
ئويناپ ئۆتىلى بىرگە.

دېرىزەمنى ئېچىپ قويدۇم،
سالقىن كىرسۇن دەپ.
مۇڭ ئىچىدە ناخشا ئېيتتىم،
يارنى ئۇقسۇن دەپ.

بىزنىڭ يارلار قاراقاش،
ئەگىم يولدا ئوينايدۇ.
بىزنى كۆرسە بەش ياڭزا،
شېرىن جاننى قىينايدۇ.

كۆك ئۈزۈم – كۆپكۆك ئۈزۈم،
چۈنچىگە سالسا قۇرۇغاي.
مېنى شۇنچە قىينىما،
ئاي چىراي، ئاپتاپ چىراي.

مەن يارالدىم بۇ جاھانغا
كۆرگۈلۈكنى كۆرگىلى.
تەلمۈرۈپ باقتىم يولۇڭغا،
كەلگىن، جېنىم، بىر سۆيگىلى.

بىر سەر بولسا ۋاپاسىنى،
سېتىپ يېمەيتتىم.
جۇل – جۇل چاپان كىيىپ كەلسە،
چېنىپ يۇرمەيتتىم.

بىزنىڭ يارنىڭ ئۆيىدە
ئويۇق تولا، تەكچە تولا.
مېنى تەشنا قىلغاننىڭ
دەردى ئۆلگەندە بولا.

سايلىقتا لەمپە سالساڭ،
تال – تال ياغاچى مەن بولاي.
مەن تەرەپكە كەلسەڭ يار،
بېشىمچە ئالدىڭغا مەن باراي.

يار ئوتى چۈشتى ئىچىمگە،
گۆش – ئۇستىخاننىمنى شۇلۇپ.

خەققە تۇيدۇرماي يۈرسەن،
بىردە يىغلاپ، بىردە كۈلۈپ.

ئۆستەڭ بويىدا يېمىلەر بار،
ئۆردەك بىلەن غازلار بار.
ئۆردەك ئۆلۈپ، غاز قالسۇن،
دۈشمەن ئۆلۈپ، دوست قالسۇن.

تال چىۋىقتەك - تال چىۋىقتەك،
تاللىۋالدىم مەن سېنى.
شۇنچە خەقنىڭ ئاراسىدىن
پارلىۋالدىم مەن سېنى.

چىنىنى چىنە دەرمىز،
گۈلنى غۇنچە دەرمىز.
بىر دانىغىنا مەرۋايىتنى
بېھىشنىڭ گۈلى دەرمىز.

ئالمىسا ئانارگۈل،
شاخنى سۇنمايمەن.
بىرنى سۆيۈپ قويمىغۇچە،
ئۆيۈمگە يانمايمەن.

كۆك دېڭىزنىڭ تېگىگە
زەيتۇن گۈلنى تاشلايمەن.
يار يادىمغا يەتكەندە،
مۇڭلۇق ناخشا باشلايمەن.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
يامىنى يېشىل ئالما.
ئەقلىڭ بولسا بىل، يارىم،
دەردىڭدە ئۆتۈم چالما.

ئېرىقنىڭ كىچىكلىكى،
سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
خۇيۇڭنىڭ تۈزۈكلۈكى.

قىزىلگۈلنى پۈرايمەن،
تۈزۈپ قۇرۇپ كەتكۈچە.
ياردىن ئۈمىد ئۈزمەيمەن،
يەرلىكىمدە ياتقۇچە.

داۋان ئاشتىم، تاغ ئاشتىم،
تىتما - تالاڭ چورۇقۇم.
مېنى مۇنچە قىينىماڭ،
يۈزى ئايدەك يورۇقۇم.

ئاسماننى يىراق دەيدۇ،
يۇلتۇزنى چىراغ دەيدۇ.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرسەڭ،
ئۆلگەندە سوراق دەيدۇ.

ئۆستەڭ ياقىلاپ يۈرمەيتتىم،
سۇ ئالغىلى كەلمەيتتىم.

سىز يارىمنى دېمىسەم،
كۆندە يىغلاپ يۈرمەيتتىم.

سۆ توشۇپ تالدىڭمۇ، يارىم،
تۆتقۇچى يوق ئۆۋرىق بىلەن.
سېنى ئالارمەن ئۇرۇشۇپ،
ئۆگەي ئاناڭ قورۇق بىلەن.

چىراغ پەرۋانىسى
ئوتتىن يانارمۇ؟
كىشى ئۆز ياردىن
جاننى ئايارمۇ؟

قىبلىدىن شامال چىقسا،
چاقىم قىلىدۇ غۇي - غۇي.
سەن نېمىدەپ سورىساڭ،
قۇشقاچ ئالمىغان قۇرغۇي.

ئۇزۇن - ئۇزۇن ئارغامچا
يولدا قالسا مەيلىمۇ؟
دەردىڭىزدە ئېتىكىم
ياشقا تولسا مەيلىمۇ؟

سۆزۈك سۇنىڭ ئاستىدا
قارا قۇمچاق ئوينايدۇ.
مېنىڭ يارىم تۇمۇچۇق،
سۆيۈپ يۈرەك قانمايدۇ.

نان تېپىپسەن بىر پۇچۇق،
يالغۇز يېمىگىن ناننى.
مەنمۇ ئاللا بەندىسى،
بۇنداق قىينىما جاننى.

ئاسمانلاردا ئاي بولار،
ئون بەش كۈندە بىر تولار.
بىزنىڭ يارنىڭ خۇلقىسى
يەنە كىمدىن تېپىلار؟

قەندە دەملىگەن چاينىڭ،
تەمى تاتلىق، يار ـ يار.
بىزنى سۆيمەي كەتكەننىڭ
باغرى قاتتىق، يار ـ يار.

تۇرۇپ قاپسىز، يۇمىلاق،
خالتا كوچا ئالدىدا.
بىرنى سۆيۈپ قويامسىز،
باشلاپ بارسام ۋالدىغا؟

كەل دېگەندە كەلمىدىڭ
جانانە قاشىمغا مېنىڭ.
بۇ مالامەت تاغلىرى
سىيرىلدى باشىمغا مېنىڭ.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
باراڭغا تال قوندۇرما.

يىغلاپ كەلدىم ئالدىڭغا،
بۇ كۆڭلۈمنى ياندۇرما.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
پۇتلىرىڭغا تاش قوياي.
ئۆز ۋەدەڭدە چىڭ تۇرغىن،
ئايىغىڭغا باش قوياي.

بار قولۇمدا بىر بەلچە،
ئۆتۈك تىكتىم ئەرەنچە.
مەن يارىمنىڭ دەردىدە،
ناخشا ئېيتتىم بىلگەنچە.

كەپتەرۋازنىڭ بازىرى
چۈجگۈن بىلەن ياتناقلىق.
قېشىمغىلا كەل دەيسىز،
بىزلەرگىمۇ جان تاتلىق.

كېچە بارسام تونۇمسىز،
سىزنى سۆيدۈم گۇمانسىز.
كېچىلىرى بارغاندا،
يولغا چىقىپ تۇرمامسىز؟

مېنىڭ مىنگەن ئېتىمنىڭ
تىزگىنى قايان قالدى؟
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
يار يۈرەككە ئوت سالدى.

قىش كۆڭلىرى قار ياغار،
ياز كۆڭلى يامغۇر.
يار دەردىدە جان تالاشسام،
زەمزەمنى تامدۇر.

كۆلۈپ ـ يىغلاپ يۈرسەن،
مەندە نىمە چارە بار؟
شېرىن جاننى قاقشاتقان
كىمنىڭ سەندەك يارى بار؟

ئەجەبمۇ سالقىن ئىكەن
نەزەرباغنىڭ ھاۋاسى.
تۆگمەيدىكەن زادى
ياشلىقتا قىز دەۋاسى.

بىرى كەلگىن، يارىما،
سۆيۈپ قويغىن، يارىما.
سىنىڭ ئىشقى ئوتۇڭدا،
ئازلا قالدى جانىما.

ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى،
چالغىلى راۋاب يوقمۇ؟
سىزگە قانچە خەت يازدىم،
بەرگىلى جاۋاب يوقمۇ؟

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ،
گۈل شېخىغا قوناي دەپ.

يارىم، ساڭا خەت يازدىم،
ئەھۋالىڭنى ئۇقاي دەپ.

قايچا ئېلىپ قولۇمغا،
دراپ پەلتو پىچىمەن.
خەتكە جاۋاب يازمىساڭ،
سەندەك ياردىن كېچىمەن.

سالام خەتنى يازغۇچە،
كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى.
كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىم
ئاق قەغەزگە پۈتۈلدى.

ئورما ئورغىلى چىقسام،
كۆيدى مېنىڭ پېشانەم.
ساڭا يازغان شۇ خەتتىن،
ئايان بولسۇن نىشانەم.

تىزناپ دەريا سۇلىرى
دولقۇنلىنىپ ئاقامدۇ؟
مەن ئەۋەتكەن سالام خەت
يۈرىكىڭگە ياقامدۇ؟

ئۆيىمىزنىڭ تاملىرى
پىششىق خىشتا سېلىنغان.
قەلبىمدىكى سۆزلىرىم،
سالام خەتكە يېزىلغان

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
بۇلبۇل قوندى بېشىمغا.
سېغىنغاندا مەن سېنى،
خېتىڭ كەلدى قېشىمغا.

تەشنالىقنى قاندۇرغان
جىلغىدىكى بۇلاقمۇ؟
خەت يازايمۇ دېمەيسىز،
ئوڭ قولىڭىز چولاقمۇ؟

گۈزەل يارنىڭ خېتىنى
كۆندە بىر ئوقۇپ قويدۇم.
كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى
ناخشامغا قېتىپ قويدۇم.

خەتنى يازغان قولۇڭنى
كۆرۈۋالغۇم كېلىدۇ.
شېرىن - شېكەر لېۋىڭگە
سۆيۈۋالغۇم كېلىدۇ.

دەستە - دەستە گۈل تىزدىم،
رەڭمۇرەڭ چېچەكلەردىن.
سەن يارىمغا خەت يازدىم،
سېغىنغان يۈرەكلەردىن.

ئالماڭنى ئېغىتماسەن،
سۇلارنىڭ ئېقىشىغا؟

يازغان خەتلىرىڭ تەگدى،
يۈرەكىمنىڭ بېغىشىغا.

قىزىلگۈل غۇنچىسى غۇنچە،
ھالىمغا يېتەرسەنمۇ؟
سېغىنغاندا خەت يازسام،
بىر كۆرۈپ كېتەرسەنمۇ؟

كۆك سىياھدا خەت يازدىم،
ئاق قەغەزنىڭ يۈزىگە.
ھايال قالماي تېز بېرىپ،
تەگسۇن يارنىڭ ئۆزىگە.

بىر خەت يازدىم كېچىدە،
دەرد ــ پىراقنىڭ ئىچىدە.
يارىم چىڭ تۇرالماپتۇ،
ماڭا قىلغان گېپىدە.

بۆگەن يولى ئۇزاقمۇ،
ئىككى يېنى بۇلاقمۇ؟
يار خەت يازاي دېمەيدۇ،
ئىككى قولى چولاقمۇ؟

تام تۈۋىدە چار خوراز،
چالما ئاتتىم، چىللاتتىم.
يىراقتىكى يارىمنى
خەت ئەۋەتىپ يىغلاتتىم.

ئالمىغىزنى ئىرغاتتىم،
خاپا بولماي تەرسىغىز.
ئۆشبۇ خەتنى ئەۋەتتىم،
جاۋابىنى بەرسىغىز.

باغقا كىردىم گۈللۈككە،
گۈلنى ئۈزدۈم ياغلىققا.
سېغىنىپ سالام يازدىم،
سىز يارىم چىرايلىققا.

مۇندىن كېتەر بولدىڭىز،
دەريا سۈيىدەك ئايرىلىپ.
ئارقىڭىزدىن خەت يازدىم،
زەپىراندەك سارغىيىپ.

ئاق كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى،
قاناتىدا خەت كەتتى.
يۈرىكىمنىڭ ئوتىنى
سىز يارىمگە ئەكەتتى.

سۈرىتىڭگە قارىسام،
كۈلۈپ تۇرىسەن دائىم.
خۇش خەۋەر يېزىپ تۇرغىن،
سېغىنساڭ مېنى، يارىم.

ئاق پاخچۇ كۆڭلەكىمنى
كۆك رەڭدە بوياپ بەرسە.

مەنمۇ دەردمەن ئۆنىڭدەك،
گىدەيمەي جاۋاب بەرسە.

گۈل ئەنبەر بولغۇدەك،
ئاچىلغۇدەك، سولغۇدەك.
يارىم سالام يېزىپتۇ،
مېنى خۇشال قىلغۇدەك.

چوڭ چىنەم سۇنۇپ كەتتى،
قاداتماي تۆلەپ بەرسە.
ياش يۈرەككە ئوت كەتتى،
ۋاقتىدا جاۋاب بەرسە.

يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن
ئېتىلىپ چىققان سالام خەت.
دەرد - پىراق ئىچىدە
يېزىلىپ چىققان سالام خەت.

ئاي تۇغقاندا يازغان خەت،
كۈن چىققاندا تەگسۈن خەت.
باغرى قاتتىق شۇ يارنىڭ
يۈرىكىگە تەگسۈن خەت.

مەن غېرىبجان دوستۇڭدىن
كەتتى بۈگۈن سالام خەت.
ئىنتىزارمەن جاۋابقا،
ئەته - ئۆگۈن سالام خەت.

بۇ دەريا ئەزىم دەريا،
ئاققان سۈيى دولقۇنلۇق.
مەن سىزگە سالام يازدىم،
يۈرىكىمدىن يالقۇنلۇق

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى
يەرگە قاراپ ئېچىلدى.
بۇ خېتىمنىڭ مەزمۇنى
سىزگە ئاتاپ يېزىلدى.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
پولات - تۆمۈر تاۋلاشقا.
ئۇشبۇ خەتنى يازدىم مەن،
چىن مۇھەببەت باغلاشقا.

خەتنى يازدىم كېچىدە،
ئون مىنۇتنىڭ ئىچىدە.
جاۋابىنى بېرەرسىز،
ئۈچ - تۆت كۈننىڭ ئىچىدە.

قانداق، يارىم، ھالىڭىز،
ساق - سالامەت بارمۇسىز؟
سىزدىن ئەھۋال سورايدۇ،
غېرىب بولغان يارىڭىز.

ھويلامدىكى لەمپىگە
ئۇۋا سايتۇ قارلىغاچ.

نامە يازدىم مەن ساڭا،
ئۆزگە يارىم بولمىغاچ.

مەن ئاتىمنى باغلىدىم،
كۆلدىكى قىياقلىققا.
بۇ خەتنى ساڭا يازدىم،
سەن يارىم چىرايلىققا.

ھاۋادىكى لاچىنلار،
قاناتىڭنى پەسلەپ ئۇچ.
قاناتىڭغا خەت سالاي،
مېنىڭ يارىمغا تاشلاپ ئۇچ.

باش تۇگمەنگە نو قويدۇم،
ئاياغ تۇگمەنگە گۇلدۇرمە.
مېنىڭ يازغان خېتىمنى
دۈشمىنىڭگە بىلدۇرمە.

ئالىيىشىل يىپ ئالدىم،
سائەت بېغى توقار دەپ.
يىغلاپ تۇرۇپ خەت يازدىم،
سېنى كۇلۇپ ئوقار دەپ.

خەت پۈتۈپ نامە ئەۋەتتىم،
مېھرىبان يارىم، ساڭا.
ئوقۇتۇپ زەنىڭگە ئالغىن،
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.

قىزىلگۈلنىڭ شاخىغا
بۇلبۇل كېلىپ قونامدۇ؟
يارىم يالغۇز بولمىسا،
سالام خەتنى يازامدۇ؟

كەپتەر قوندى پەغەزگە،
خەت يازاملا قەغەزگە؟
بارسىلا سالام دېسىلە،
سۆيگىنىم قارا كۆزگە.

يارىم، يازغان خېتىڭدە،
سېغىندىم سېنى، دەپسەن.
خەت يازماس بولۇپ قالدىڭ،
ئۇنۇتتۇڭمۇ مېنى، دەپسەن.

كېچىلىرى سېغىنىپ،
ئۇيقۇم كەلمەيدۇ پەقەت.
مېنى كۆرگۈڭ كەلمەمدۇ،
يازمايسەن ھېچ سالام خەت.

ئەجەبمۇ غېرىب بولدۇم،
چالغۇدەك ساز يوقمىدى؟
نېمانچە خەت يازمايسەن،
يازغۇدەك سۆز يوقمىدى؟

خېتىڭنى ئېلىپ كۆرسەم،
كۆزۈمگە يېنىپ سۈرسەم.

يار ۋەسلىڭگە يەتكەندە،
باغرىمغا تېڭىپ سۆيسەم.

سالام خەتنى مەن يازدىم،
ئاق قەغەزنى تولدۇرۇپ.
خېتىم كەتتى، مەن قالدىم،
يازغان جايدا ئولتۇرۇپ.

بىزنى خۇدا ياراتقان،
ھەربىر يەرگە تاراتقان.
سىز بىلەن مۇڭداشقىلى،
سالام خەتنى ياراتقان.

ئوت كەتتىيا، ئوت كەتتى،
قومۇشلۇققا ئوت كەتتى.
خەۋەردار بولۇڭ، يارىم،
قېشىڭىزغا خەت كەتتى.

خەتلىرىم تامام بولدى،
ئەھۋالىم ئايان بولدى.
تېزرەك جاۋاب بەرگەيسىز،
كۆنلىرىم يامان بولدى.

دۇتارلار راۋاب بولدى،
يۈرەكلەر كاۋاپ بولدى.
خەتنىڭ ئۇچۇرىن بېرىڭ،
بىزلەرگە ئازاب بولدى.

ئۆگزەمگە قوناق يايدىم،
قۇرۇتىمەن، چاچمىغىن.
بىر بەت قەغەز بەش سىنت،
خەت يېزىشتىن قاچمىغىن.

سېرىق كالىغا ئوت سالدۇق،
قورساقلىرى تويسۇن دەپ.
سېغىنىپ سالام يازدۇق،
يۈرەكلىرى كۆيسۇن دەپ.

ئوت كەتتىيا، ئوت كەتتى،
چوڭ توغراققا ئوت كەتتى.
يارىمنىڭ ئۆيى يىراق،
لىپاپىدا خەت كەتتى.

باغقا كىردىم گۈل ئۈچۈن،
باغدىكى بۇلبۇل ئۈچۈن.
سېغىنىپ سالام يازدىم،
چاچلىرى سۇمبۇل ئۈچۈن.

يارنى كۆرسەڭ سالام، دە،
دېدى: بولسۇن ئامان، دە.
مېنى سورىسا ئەگەردە،
هال ـ ئەھۋالى يامان، دە.

قولۇڭدىكى ئۈزۈككە،
جىڭ مارجاندىن كۆز قويدۇم.

ئەقلىڭ بولسا بىلبۇال،
قوشاق بىلەن سۆز قويدۇم.

دېرىزەڭنى ئېچىۋەت،
ئۆيگە ئەنبەر چېچىۋەت.
سالام يازساڭ، يار، ماڭا،
كېچىكتۈرمەي سېلىۋەت.

پەرھاد ـ شېرىندىن،
لەيلى ـ مەجنۇندىن.
تاھىر ـ زۆھرادىن،
يۇسۇپ ـ زىلەيخادىن،
غېرىب ـ سەنەمدىن،
بېلىق سۇدىن،
گۈل باغدىن،
ھاراقكەش مەيخانىدىن،
چىلىم سەيخانىدىن،
كىگىز بورىدىن،
چىراغ مورىدىن،
لەگمەن لازىدىن،
قارىغۇ ھاسىدىن،
ئۆگزە ۋاسىدىن
ئايرىلغاندەك ئايرىلدۇق.
شۇندىن بېرى مەلىڭىزدىن كېتەلمەي،
مۇرادىمغا يېتەلمەي،
يىراق ئوتىنى باشلاپ،

گەدىنىمنى قاشلاپ،
كۆزلىرىمنى ياشلاپ،
ھېچ چارە تاپالماي،
يا دەردىمنى ئېيتالماي،
شۇبۇ خەتنى يازدىم.
خەتنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن،
كۆڭلىمىزنى بىلەرسىز.

خەت پۈتۈپ نامە ئىبەرتتىم،
مېھرىبانىم، كۆرسىلە.
ھەم نومۇس قىلماي خېتىمنى
قوللىرىغا ئالسىلا.

خەت پۈتۈپ نامە ئىبەرتتىم،
سىزگە، يارىم، شۇنچىلىك.
مەن غېرىبىنىڭ سىزگە قىلغان
يادىكارى شۇنچىلىك.

خەت پۈتۈپ نامە ئىبەرتتىم،
مەن يارىمنىڭ ئۆزىگە.
كۆڭلىنى بەرمەمدىكىن دەپ،
بىز يېتىم بىچارىگە.

خەت پۈتۈپ نامە ئىبەرتتىم،
غەملىرىمدىن پۈتتى خەت.
بۇ مېنىڭ مىسكىن جېنىمغا
يار، يەنە قوشامسەن دەرد؟

زەپ چىرايلىق ياراشقان،
كونا يارنىڭ تۇمارى.
نەچچە يىللار كۆرۈشمەي،
ئەمدى تۇتتى خۇمارى.

ساي بويلاپ شامال كەلدى،
سايباغنىڭ شامالىمۇ؟
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سەن يارنىڭ خۇمارىمۇ؟

يۇرتىمىزنىڭ بازارى،
ئالما بىلەن ئانارى.
ئاخشام سۆيگەن يارىمنىڭ
ئەمدى تۇتتى خۇمارى.

بەر دېگەنگە بەرمەيمەن،
دۇتارىمنى، تارىمنى.
دۈشمەن گېپىگە كىرىپ،
تاشلىمايمەن يارىمنى.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
سالقىن شامال راۋان بولدى.
يارىمنىڭ سۆيۈشلىرى
يۈرەككە داۋا بولدى.

ئېگىز تاغقا چىقماڭ سىز،
شامال تېگىپ كېتەرسىز.

چىرايلىقنى يار تۇتماق،
ئوتتا كۆيۈپ ئۆلەرسىز.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
قولىڭىزنى مەن تارتاي.
يار ئويۇننى سىز ئويناڭ،
دەردىڭىزنى مەن تارتاي.

ئېگىز تاغ ئاراسىدا،
ئېرىمەيدىكەن قارلار.
بىزدىن ئامەت قاچقاندا،
قارىمايدىكەن يارلار.

ئېگىز تاغقا چىقماڭ سىز،
يول تېپىپ ئۆتەلمەيسىز.
مەن سۆيگەننى سۆيمەڭ سىز،
چۆرگىلەپ كېتەلمەيسىز.

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
تەمەيىم يوق غوراڭدىن.
ئانىسى يامان دەللە،
ئايرىۋەتتى جورامدىن.

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
بەشنى ئۈزدۈم غوراڭدىن.
ماڭا بەرمىگەن قىزىڭنى
ئوغرى ئالسۇن موراڭدىن.

باغقا كىردىم كىچىلەپ،
بەش بالامنى يېتىلەپ.
بەش بالامنىڭ ئانىسى
تېخى چوكان سىڭىلەك.

ئىشىك ئالدىدا بۇلبۇل،
گۈلگە قاراپ سايرايدۇ.
دەردى بارمۇ قىزچاقنىڭ،
ئاھ خۇدا، دەپ يىغلايدۇ.

ئىشىك ئالدى چىنارغا،
ئات باغلىسا تۇرمايدۇ.
سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى،
يالقۇنلايدۇ، ئۆچمەيدۇ.

ئىشىك ئالدى قوش تېرەك،
ئېگىلەيمۇ دېمەيدۇ.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
بىر كېلەيمۇ دېمەيدۇ.

ئىشىك ئالدى كۆلچەككە،
گۈل تېرىپ شاخلاتمىسام.
خەپ، خۇدايىم بۇيرۇسا،
مەن سېنى يىغلاتمىسام.

ساي بويىدا مەرەمخان،
لالە رەڭ خېنە ياققان.

بۇ ناخشىنى ئېيتمايتتىم،
يارىم ئۇنى بەك ئېيتقان.

ئىشىكايلاڭدىن ئۆتكەنگە،
كۆيۈپ قالىدۇ دەمسەن؟
مەندىن باشقا يارى يوق،
ئۆلۈپ قالىدۇ دەمسەن؟

ئالمىڭىزنى يېمەيمەن،
بېھىڭىزنىڭ قۇرتى بار.
ئەمدى ئاشنا تۇتمايمەن،
كونا يارنىڭ ئوتى بار.

مەن قاچان چوڭ بولىمەن،
يارىم بىلەن تەڭ بولىمەن؟
سۆزىگە سۆز قايتۇرۇپ،
دەردىگە دەرمان بولىمەن؟

لەڭگەر سىپىي ئۈزۈن ساي،
مىنەي دېسەم ئېتىم تاي.
بىر يىل دېگەن ئون ئىككى ئاي،
توختاپ تۇرسىلا، چوڭ بولاي.

يارىم بەرگەن ياغلىقنىڭ
بىر بۇرجىكى چىگىكلىك.
بىلمەيتىمەن قەدرىڭنى،
قانداق قىلاي، كىچىكلىك.

مىدۇك ــ مىدۇك ــ مىدۇك،
باغدا پىشقان ئۆرۈكمىدۇك؟
بىز ئىككىلەن كىچىك ئىدۇق،
قەدرىمىزنى بىلىشمىدۇك.

باغدا پاختەك، كۆلدە ئۆردەك
ئۇچۇپ ئويناپ يۈرگۈدەك.
كونا يارنى سوراپ باقسام،
شاپاق غاجاپ يۈرگۈدەك.

ئاتلىرىڭنى قويۇۋەت،
يايلاقلاردا ئوتلىسۇن.
كونا يارغا دەپ قويۇڭلار،
غەيۋەت قىلماي ئولتۇرسۇن.

چالما ئاتسام بېغىڭغا،
ئالما شېخى لىڭشىيدۇ.
بىز ئىككىلەن ئوينىساق،
كونا يارلار غىڭشىيدۇ.

يېڭى باغنىڭ يېمىشى،
كونا باغنىڭ يېمىشى.
يېڭى يارنى تاپقاندا،
كونىسىنىڭ نېمە ئىشى؟

بادامدوپپام بار دەيسەن،
كىيەلمىگەن نېمەڭگە.

گۈلدەك يارىم بار دەيسەن،
سۆيەلمىگەن نېمەڭگە.

رەنا گۈلۈم يار دېيسەن،
ئېچىلدۇرۇپ قىسمايسەن.
گۈلدەك يارىم بار دەيسەن،
قول تۇتۇشۇپ چىقمايسەن.

هاراق ئىچسەم مەست ئەمەس،
تاماكا چەكسەم مەست ئەمەس.
بەلنى مەھكەم باغلىسا،
يارنى سۆيمەك تەس ئەمەس.

شاپتۇل شاخى پەس ئەمەس،
ئېگىلمىكى تەس ئەمەس.
بۇ كەمدىكى قىزلارنى،
گوللاپ سۆيمەك تەس ئەمەس.

ئاق خىيالات كىيىۋاپلا،
سېستىرا بولاي دەملا.
سېستىرادىن يار تۇتۇپ،
دوختۇرغا نېمە دەيلا؟

ئالما بەرسەم يېمەيلا،
بېھى بەرسەم يېمەيلا.
خوتەنلىكتىن يار تۇتۇپ،
كېرىيىلىككە نېمە دەيلا؟

مېنى مۇنداق مەست قىلغان
چوكاننىڭ قەلەم قاشى.
چوكان ئۆزىنى تۇتمىسا،
ئۆلۈمگە كېتىدۇ باشى.

چوكان ئايلىكامىنىڭ قىزى،
ئايلىكاڭدىن غەم يېمە.
ئېرىڭ ئۆلسە مەن ئالۇرمەن،
تويلۇقۇڭدىن غەم يېمە.

يار بىلەن ئىچتىم شاراب،
سۇمبۇل ساچىنى تاراپ.
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
يامان كۆزۈڭدە قاراپ؟

يار بىلەن ئىچتىم شاراب،
خۇمار كۆزىگە قاراپ.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئارام تاپتى،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى خاراب.

يار بىلەن ئىچتىم شاراب،
بىر پىيالە تولمىدى.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ
ئەتىۋارى بولمىدى.

ئىشىك ئالدى سالاسۇن،
سالاسۇندىن قاراسۇن.

بىزنى دېگەن يارەنلار،
بەلنى مەھكەم باغلاسۇن.

يارىم ئۆزىنى چاغلاسۇن،
پوتىدا بېلىنى باغلاسۇن.
بىزنى دېگەن يارەنلار،
ئاھ يۈرىكىم، دەپ يىغلاسۇن.

قاسقاندا مانتۇ، تونۇردا سامسۇ،
يېمەيمەن ئاكا، دەپ يىغلاسۇن.
تاۋاردا يوتقان، مەخمەلدە كۆرپە،
ياتمايمەن ئاكا، دەپ يىغلاسۇن.

ئاق تىكەن گۇر - گۇر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.
دەردى بار ئوتتا كۆيەدۇر،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

دۇتارنى چالاي دەيمەن،
چالاي دېسەم تارى يوق.
دەردى بارلار ئاڭلايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

راۋابنى چېلىۋەردىم،
ئالتە ئەمەس، بەش تارىدا.
دەردى بارلار تىڭشايدۇ،
دەردى يوق ئۆز كارىدا.

سىلى نەدىن، نۇرىدىن[1]،
تۇتۇن چىقسۇن مورىدىن.
ئىككى يار تۇتقان خېنىمنىڭ
پوتلا ئېقىپتۇ بۇرنىدىن.

تاماكاڭنى چەكمەيمەن،
تۇتقىنىڭغا ھەشقالىلا.
ئاداش بولىلى دەيدۇ،
ئەر ئالمىغان داشقالىلار.

تاماكاڭنى چەكمەيمەن،
تۇتقىنىڭغا ھەشقالىلا.
يارى يوق دېگەنىمىلەن،
يارسىز قالماس ياش بالىلا.

تاماكاڭنى چەكمەيمەن،
ئىخلاسىڭغا ھەشقالىلا.
شەرەت قىلسام ئۇقمايسەن،
چاقىرايمۇ ئاشكارا.

قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ
پوستى تولا، يارسەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ
دوستى تولا، يارسەنەم.

① نۇرى ـــ كېرىيىدىكى تاغ.

قارا ـ قارا قاغىلار
خاماندىدۇر، يارسەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
ئارماندىدۇر، يارسەنەم.

دۇتار بىلەن تەمبۇردا،
پەدە تولا، يارسەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ
دەردى تولا، يارسەنەم.

ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانلار
سايدا ئوينار، يارسەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
تويدا ئوينار، يارسەنەم.

يارىم بىلەن مەن بىرىپ،
باغدىن گۈل ئۈزۈپ ياندىم.
يارىم ئەمدى يار تۇتسا،
مەن ئۇنى كۆرۈپ ياندىم.

يارىم كېتىمەن دەيدۇ،
مەن كەتكىلى قويمايمەن.
لەڭگەرچىگە دەپ قويۇپ،
ئۆتكۈزگىلى قويمايمەن.

بىزنىڭ باغدا چىنىگۈل،
ئات باغلايدۇ مىراقۇل.

كەلگىنىم يامان بولسا،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

يارىمنىڭ قارا چاچى،
بەك تولىكەن ئاداشى.
دەپ قويۇڭلار يارىمغا،
ئۆلۈمگە كېتىدۇ باشى.

ئالما ئاتتىم نېرىسىغا،
نېرىسىنىڭمۇ نېرىسىغا.
قىز باللا كۆيۈپ قاپتۇ،
قېرىسىنىڭمۇ قېرىسىغا.

ئالمىلايا، ئالمىلا،
باغدا پىشقان ئالمىلا.
ئالمىدەك يارنى قويۇپ،
قېرىنى سۆيگەن لالمىلا.

ئۆستەڭ باشىدا قۇدۇق،
قۇدۇق باشىدا تۇردۇق.
سەن ئۇياقتا ئوينىساڭ،
بىزمۇ ئوينىغاچ تۇردۇق.

ئۆستەڭ باشىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز.
مەن بۇ يۇرتتىن كەتكەندە،
قانداق يۇرسەن يالغۇز.

ئۆستەڭ باشىدا ئەمەن،
يارىمغا نېمە دەرمەن؟
ئاخشام كەلمىدىڭ دېسە،
ئۇخلاپ قاپتىمەن، دەرمەن.

ئۆستەڭ باشىدا ياتىپ،
خام تاماكىنى تارتىپ،
يار كەلمەيدۇ ماي تارتىپ،
مەن بارمايمەن هال تارتىپ.

ئۆستەڭ باشىدا كاتۇ،
روشەنخان دۇتا چاتۇ.
روشەنخان دۇتا چاسا،
ئەلنىڭ ئاغزى هاڭ قاتۇ.

زەپ چىرايلىق ئۆسۈپتۇ،
ئۆستەڭ بېشىدا يالپۇز.
مەن كېرىيىدىن كەتكەندە،
يىغلاپ قالىسەن يالغۇز.

يارىمغا سالام يازدىم،
ئاق قەغەزگە بېيىتچىلاپ.
يارنى سۆيسەڭ راسا سۆي،
هارۋىكەشتەك دېيىتچىلاپ.

تۆگە باقتىم يانتاقتا،
ئۆچكە باقتىم قامغاقتا.

يارنى سۆيسەڭ نىقتاپ سۆي،
ئورناپ قالسۇن تامغاقىقا.

بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل،
پىشماي تۆرۈپ قاتايدى.
مېنىڭ يارىم كېسەلتى،
بىرنى سۆيسەم ساقايدى.

بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل،
مەي باغلاپ پىشىپ قاپتۇ.
مېنىڭ شۇ لەۋەن يارىم،
چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ.

بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل،
پىشماي بەرى تۇڭ قالدى.
بىزنى دېگەن خېنىملار،
شاپتۇل تۈۋىدە زوڭ قالدى.

بىزنىڭ باغدا بەش شاپتۇل،
بەشىلىسى ئەششاپتۇل.
راستلا يارىڭ مەن بولسام،
مەن كەلگۈچە ساقلاپ تۇر.

بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل،
بىر موچەنگە بەش شاپتۇل.
ناخشا ئېيتسام باغىمدا،
ئىشىكايلاڭدا تىڭشاپ تۇر.

بىزنىڭ باغدا ئەششاپتۇل،
بىر شاخىدا بەش شاپتۇل.
ئاخشاملىققا بارار مەن،
ئىسكەتىڭنى ئوڭشاپ تۇر.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە، چىمەندەگۈل،
تۆگەپ قاپتۇ يىمەستە، چىمەندەگۈل.
يار ئىگىزدە، مەن پەستە، چىمەندەگۈل،
ئوينىشۇالدۇق بەس ـ بەستە، چىمەندەگۈل.

ئاخشام بارسام مەلەڭگە، چىمەندەگۈل،
ئاچاڭ قوپتى لەڭمەنگە، چىمەندەگۈل.
لەڭمىنىڭنى يىمەيمەن، چىمەندەگۈل،
زىيان قىلار مەيدەمگە، چىمەندەگۈل.

لەڭمىنىڭنى يىمەستە، چىمەندەگۈل،
قورساق تويدى مەنتەڭگە، چىمەندەگۈل.
قاراڭغۇدا كۆرمەستە، چىمەندەگۈل،
ئۇسۇۋالدىم مەيدەڭگە، چىمەندەگۈل.

ئاتنى باغلاپ قويدۇم،
ئىشىك ئالدى لاپاسقا.
يارنى تۇتساڭ بەشنى تۇت، ئاداش،
تۆتى قالسۇن زاپاسقا.

باش ئۆستەڭگە سۇ كەلدى،
كەتمەن بىلەن قاشلىۋەت.

كونا ياردىن خەت كەلدى، ئاداش،
يېڭى يارنى تاشلىۋەت.

ئويتوغراقنىڭ دۆڭىدە
دەسسىۋالدىم تىكەننى.
يېڭى يارنى تاپقاندا، ئاداش،
تاشلىۋەتتىم كونىنى.

مېنىڭ ئىككى يارىم بار،
تاشلىماسقا رايىم بار.
ئۇنى ئالسام رايىمغا، ئاداش،
بۇ ئېسىمدە دائىم بار.

دۆڭپاڭلىنى كىيمەڭلا،
گۈلى يوغان، تېگى بوش.
ئاراللىقتىن يار تۇتماڭ،
گېپى يوغان، ئۆزى بوش.

دۇتار چالدىم پەدىگە،
قىزچاقلارنىڭ دەردىگە.
كۆكيارلىقلار ھاڭ قاپتۇ،
ئاراللىقنىڭ دەردىدە.

ئىشىك بېشىدا قۇلپا،
ئاچالمىغان سادەتخان.
ياش يىگىتلەر كەلگەندە،
قاچالمىغان سادەتخان.

ئوچاققا ئوت يېقىپ قويۇپ،
سۇغا كەتكەن سادەتخان.
ياش باللا غەزەل ئېيتسا،
ھەسرەت چەككەن سادەتخان.

ئۆيدە مېھمان بولمىسا،
ئوماچ ئەتكەن سادەتخان.
ياش يىگىتلەر كەلگەندە،
كۆمەچ كۆمگەن سادەتخان.

سادەتخانىمۇ ساي كەچتى،
ئايىغى بىلەن سۇ كەچتى.
بىرغىنە سۆيۈپ قويۇپ،
ئەزىز جانىدىن كەچتى.

كېتىپ بارغان ھارۋىنىڭ
ئالدى چاقى پەس.
چوڭ گەپ قىلماڭ، بەختىخان،
ئەرگە تەگمەك تەس.

ئەرگە تەگسەڭ ماڭا تەگ،
دۆلەت كۆرەرسەن.
پەشلىرىڭنى قىستۇرۇپ،
تېزەك تېرەرسەن.

ئوچىقىنىڭ مەڭزى يوق،
كۆتەك سالغان سەيدىخان.

خالتىسىدا چىپىي يوق،
خەمەك سالغان سەيدىخان.

سەيدىخاننىڭ ئۆيىگە،
يار بېشىدىن ماڭغۇلۇق.
سەيدىخاننىڭ چىپىنى
ئىچىپ راسا قانغۇلۇق.

ئۆستەڭ بېشىدا قوي سويسام،
سەيدىخان كاۋاپ دەيدۇ.
سەيدىخاننى مەن ئالسام،
ئاخىرەتتە ساۋاب دەيدۇ.

ئالما ئاتتىم نېرىسىغا،
نېرىسىنىڭمۇ نېرىسىغا.
سەيدىخان تېگىۋاپتۇ،
دادىسىدىنمۇ قېرىسىغا.

بار ئىكەنۇ بار ئىكەن،
باغدا بۇلبۇل بار ئىكەن.
سەيدىخاننىڭ كۆڭلىدە
بىزدەك يىگىتمۇ بار ئىكەن.

سۆيگۈنۈمسەن، پاتىگۇل،
كۆيگىنىمسەن، پاتىگۇل.
ئوتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
رازىمۇ سەن، پاتىگۇل.

باغدا پىشقان ئالمىدەك
كۆرسەم سېنى، پاتىگۈل.
لېۋىڭ تاتلىق شېكەردەك،
سۆيسەم سېنى، پاتىگۈل.

قارا كۆزۈم پاتىگۈل،
ئېچىلغاندۇ گۈلىڭىز.
لەۋەن يارىم، پاتىگۈل،
ئايغا ئوخشاش ئۆزىڭىز.

يول بويىدا ئۆيىڭىز،
شېرىن سۆزلۈك پاتىگۈل.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
قارا كۆزلۈك پاتىگۈل.

پاتىگۈل دەپ يارىم بار،
يول بويىدا ئۆيى بار.
قىلغان ۋەدىسى شۇنداق،
ماڭا بەكمۇ مەيلى بار.

ئوماق يارىم گۈلمەرۋان،
باراي دېسەم يولىڭىز يامان.
بارماي دېسەم ئوتىڭىز يامان،
قانداق قىلاي، گۈلمەرۋان؟

ھەي خېنىم شازادىخان،
نەچچىدە باردۇر ياشلىرى؟

كىچىدە يول يۈرسىلە،
مەن بولاي يولداشلىرى.

ھالايلىيا، ھالايلى،
باشقا ـ باشقا تالايلى.
ھەممەيلەندە گۇناھ يوق،
زىۋىدەمنى پالايلى.

زىۋىدەمنىڭ ھۈنىرى
ئوتتۇن قالاپ تۈگەتمەك.
كۆمەچنى يوغان سىلىپ،
ياش باللىنى ئۈگەتمەك.

زىۋىدەكا زىۋىدەك،
كىيىپتۇ تاۋار كۆڭلەك.
تاۋار كۆڭلەك ئىچىدە،
لىغىردايدۇ قوش ئەمچەك.

گۈلسەيدىخان گۈل غۇنچىسى،
قىزىل تاۋار پىرىجىسى.
سۆيۈۋالاي دىسەم قويماس،
ئالا گەدەن ئىگىسى.

گۈلسەيدىخان كەتكەن بىلەن،
دەردى پىراقى كەتمىدى.
گۈلسەيدىخاننىڭ ئىشقىدا
ئەرزىم خۇداغا يەتمىدى.

ياشلىقىم پاشالىقىمدا،
ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر.
قېرىغاندا گۈلسەيدىخان،
يۆتىلىپ ئاران كېلۇر.

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئايخانغا كۆيىدۇ بۇ جان.
كىيگەن كۆڭلىكى پاڭچۇ،
تۈگمىسى يالاڭ مارجان.

بۇلبۇل قوندى باغىڭغا،
مېنى قالدۇرما داغىڭغا.
كۆڭلىكىڭ ياراشىپتۇ،
سېنىڭ ئايدەك جامالىڭغا.

ئەتىگەندە سەھەردە،
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
ئۈمىد ئۈزگىلى بولماس،
لېۋىگە شېكەر قوشقان.

ھويلاڭدىكى ئۈجمەڭنى
ئىلمەكتە ئىلىپ يەيمەن.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
ئۆزۈم ئىشلەپ تېپىپ يەيمەن.

ئۆزۈم ئىشلەپ تېپىپ يەيمەن،
مەن ساڭا ئېگىلمەيمەن.

مەجنۇن كەبى چۆللەردە،
ۋاپادارىمنى ئىزدەيمەن.

ۋاپادارىمنى ئىزدەيمەن،
مىنىشكە ئىتىم بارمۇ؟
قايسىبىرىدىن قورقاي،
مىنىڭ ئۆلمەس جىنىم بارمۇ؟

ئوماق يارىم گۇلئايىم،
سەن نىمانچە مۇلايىم؟
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق،
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

قالمىدى ھىچ مادارىم،
سارغىيىپ بۇ چىرايىم.
ئوتۇڭ ئۆچمەس يۈرەكتە،
سەن قەيەردە گۇلئايىم؟

غۇنچە بويلۇق گۇلئايىم،
سەن ئىدىڭ ۋاپادارىم.
ئۆلمەي ئايرىلىپ كەتتۇق،
قانداق قىلىمىز، ئايىم؟

كۈن دىسەم كۈندۈزدە يوق،
ئاي دىسەم ئاسماندا يوق.
ئوتقا سالغان مەرەمخان،
يار دىسەم يانىمدا يوق.

تىللاخان دەپ بىر يارىم بار،
لەۋلىرى سۈزۈك.
قېشى قارا، چېچى سۇمبۇل،
قولىدا ئۈزۈك.

تىللاخاننىڭ كوچىسىغا
هارۋا پاتمايدۇ.
مېنىڭ كۆڭلۈم تىللاخاندىن
باشقىنى تارتمايدۇ،

تىللاخاننىڭ ئۆيى باشقا،
كۆلنىڭ بويىدا.
سېلىپ قويدى خۇدا مېنى
ئۇنىڭ كويىغا.

تىللاخانغا كۆيگىنىمنى
كىشى بىلمەيدۇ.
كىشى بىلسە، نېمە دېسە،
نېمە دېمەمدۇ؟

قىزىلگۈل ئاچىلىپ،
بولدى نىشانە.
سېنىڭ كويۇڭدا مەن،
تەلۋە دىۋانە.

يارىم، ئۆزۈڭنى
مەن دەپ ئاتامسەن؟

ئالما ـ شاپتۇلنى
چىنەپ ساتامسەن؟

مۇزات دەرياسىدا
مۇزنىڭ گاداسى.
كىشىگە يوق ئىكەن،
كىشىنىڭ ۋاپاسى.

ۋاپايىڭ بولسا، يار،
چەندە ئىبەرسەم.
تىلىمنىڭ ئۇچىدا،
نامە ئىبەرسەم.

نامەڭنى ئوقۇپ،
كەلسەم قېشىڭغا.
دۇئا دەڭلار مېنىڭ
قەلەم قېشىمغا.

قەلەمدەك قاشلىرىڭ،
ئايدەك جامالىڭ.
مېنى ئوتقا سېلىپ،
نەدۇر خىيالىڭ؟

كۆيۈپ كەتتى مېنىڭ،
ئەي ئۇستىخانىم.
تۇگەپ كەتتى مېنىڭ،
بىخەستىە جانىم.

يارىم، ئىشىكىڭگە،
قونغىلى كەلدىم.
يارىڭ بولاي دەپ،
سورىغىلى كەلدىم.

يارىم، مەن سېنى،
كۆردۈم دېمەسمەن.
قۇچاقىمغا ئېلىپ،
سۆيدۈم دېمەسمەن.

سەينادا يېتىپ،
چولپاننى كۆردۈم.
ئۇخلاپ چۈشۈمدە،
سەن يارنى كۆردۈم.

باغقا ئۆتياش تېرىسام،
ئۈنۈپ چىقتى ئاق چامغۇر.
ھاجىگۈلنى تاپقاندا،
ئەجەب ياغدى بۇ يامغۇر.

ئارقىدىكى ئاق قوناق،
ئېگىلەيمۇ دېمەيدۇ.
مېنىڭ دوستۇم ھاجىگۈل،
كېلىپ كېتەي دېمەيدۇ.

ئاق پىيازنىڭ پوستى بىز،
كۆك پىيازنىڭ پوستى بىز.

ئارقىسىدىن گەپ قىلماڭ،
ھاجىگۈلنىڭ دوستى بىز.

تال سۆگەتنىڭ بېشىدىن
ئالدىم چىۋىقنى.
مەن يارىمنى سېغىنىپ،
يازدىم بېيىتنى.

قارا قۇشۇم ئولتۇرۇر،
ھۇجرام ئىچىدە.
قىزىلگۈلمۇ ئېچىلار،
گۈلباغ ئىچىدە.

قىزىلگۈللەر ئېچىلىپ،
نىشانە قىلدى.
يارنىڭ ئىشق ـ پىراقى
دىۋانە قىلدى.

ئېگىز تاغنىڭ ئۇ يېنىدا،
غىلتاڭ ـ غىلتاڭ مۇز.
يارىم كىيگەن كۆرپە جۇۋا،
ياقىسى قۇندۇز.
يارىم بۇيان كەلمىسە،
قالامدۇ يالغۇز؟

ئاي تۇغقاندا تۇغقانمىدى،
مەشۇقۇم، سىزنى؟

كۆن پاتقاندا تەۋرەتكەنمۇ،
بۆشۈكىڭىزنى؟

ئاق بۇلۇتتىن ياسىغانمۇ،
تۆشەكىڭىزنى؟
بىھوش قىلىپ تۇگەشتۇردى،
ئوتىڭىز بىزنى.

ئاي يۈزۈڭنى كۆرسەم ئەگەر،
سۆيۈۋالارمەن.
بۇلبۇل ئاشىق بويلارىڭغا
قونۇۋالارمەن.

ئېگىز تاغنىڭ ئۇ يانىدا
قۇرغۇي سېلىشتى.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدا
كۆڭۈل ئېلىشتى.

بۇ كۆڭۈلنى ساڭا بەردىم،
يارىڭ بولاي دەپ.
كېچىسى مەخمەل تۆشەكتە
بىللە ياتاي دەپ.

كېلەرسىزمۇ، جانان قىز،
چىللىسام ئاشقا.
مەلىڭىزدە يوقمىدى،
مېنىڭدىن باشقا؟

ئوخشىمايدۇ ئۆزگىسى،
سىز قەلەم قاشقا.
ئۇنداق دېمەڭ كىچىكمەن،
لايىق تاللاشقا.

مەنمۇ كىچىك، كىردىم مەن
ئون سەككىز ياشقا.
توسماڭ مېنى، چولام يوق،
سىزگە قاراشقا.

ئىچىم كۆيىدۇ بەكمۇ،
سىز باغرى تاشقا.
ئۇستىكەنسىز ئەجەبمۇ،
گەپتە بابلاشقا.
قوشۇلامسىز جۈپ بولۇپ
بىللە ياشاشقا.
چىدىمايدۇ يۈرىكىم
سىزنى تاشلاشقا.
چىن ئەھدىمىز شۇنداق بولسۇن،
سۆيگۈ باشلاشقا.

سالامدىكىن - سالىمادىكىن،
تەۋەررۇك ئۈزۈك؟
شۇ ئۈزۈكنى سالغان يارنىڭ،
لەۋلىرى سۈزۈك.
ئېگىز يەردىن سۇ چۈشتى،

ئەسلىسى سۈزۈك.
مەن يارىمغا سېلىپ قوياي،
لەئەل كۆز ئۈزۈك.

تاغقا چىقىپ تالىلىۋالدىم،
تالى چوكانىم، سېنى.
سېرىق زەپەر پۈرايدىكەن،
گۈلى رەيھانىم قېنى؟

سەمەرقەنت يولىغا
كىردىم پىيادە.
خېنىم ھارماڭ دېدى،
دۆلەت زىيادە.

خېنىمنىڭ ئالدىدا،
قۇرغۇي بولايمۇ؟
قولىغا قونغىلى،
تۇرۇمتاي بولايمۇ؟

خېنىمنىڭ ئاتلىرى
بەش - ئونچە بارئىدى.
بېغىدا تالىرى
بەش يولچە بارئىدى.

ئېغىلدا ئاتلىرى
دۇلدۇل بولۇپتۇ.

بېغىدا تاللىرى
ئۆزۈم بولۇپتۇ.

مەن سېنى كۆرمىسەم،
كۆرگۈم كېلىدۇ.
قۇچاقىمغا ئېلىپ،
سۆيگۈم كېلىدۇ.

تىلىڭنىڭ تاتلىقى
تىلنى يارادۇر.
چىشىڭنىڭ ئاقلىقى
ئۈنچە چانادۇر.

كۆزۈڭنىڭ قاراسى،
گۆھەر چانادۇر.
قېشىڭنىڭ قاراسى،
قۇندۇز چانادۇر.

مەيدەڭدە تۇرغان،
بىر جۇپ ئانادۇر.
ئانارنى بەرسەڭ،
يۈرىكىم قانادۇر.

قىزىلگۈلنى ئېلىپ باردىم،
ئۇل بىۋاپاغا.
بىۋاپاغا بىلرغۇچە،
يىغلاي خۇداغا.

ئولتۇرۇشى بوز قارچىغا،
لاچىن كۆزلۈكۈم.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان،
ئىككى يۈزلۈكۈم.

كىچىككىنە جىنىمنى،
پاتۇرمىدىڭ، يار.
مەن يىراققا كەتكەندە،
يىغلاپ قېلىڭ، يار.

ئايمۇ دەيدۇ، كۈنمۇ دەيدۇ،
چەرخى پەلەكتە،
ۋاپاسى يوق شۇ يارىمنىڭ
كۆڭلى بۆلەكتە.

مەن كېتەر بولدۇم، خېنىم،
يالغۇز - يېگانە.
سەندىن خەت ئالدىم،
باغرىڭ نىشانە.

نىشانەڭنى كۆرۈپ،
مەن ياد ئېتۇرمەن.
چىمەن بۇلبۇلى بولۇپ،
سايراپ كېتۇرمەن.

يىراققا كەتتى دەپ،
بىزنى ئۇنتۇماڭ.

خۇدا سالغان بۇ كۆڭۈلنى
ھەرگىز سوۋۇتماڭ.

ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

ئاققىنا كۆڭلەك كىيىپلا،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
كۆككىنە كۆڭلەك كىيىپلا،
كۆك تىكەنلەر ئىلمىسۇن.

ئىككىمىز ئاشىق بولايلى،
ئۆيدىكىلەر بىلمىسۇن.
ئۆيدىكىلەر بىلسە ـ بىلسۇن،
خەلقئالەم بىلمىسۇن.

خەلقئالەم بىلسە ـ بىلسۇن،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان
ئەسلىي ئىنسان بولمىسۇن.

ھەر دەرەختە مېۋە بولماس،
ھەر كىشىدە ياخشى سۆز.
بۇ بېيىتنى سىزگە ئېيتاي،
ئاھۇ يارىم قارا كۆز.

توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە،
توپ ئوينىغان قارا كۆز.
ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ،
ئالداپ يۈرگەن قارا كۆز.

بىر قارىسام، كۆزىڭىز
يۇلتۇز ئوخشاش، قارا كۆز.
چېچىڭىزمۇ قاپقارا،
قۇندۇز ئوخشاش، قارا كۆز.

ئېرىقىڭىز ئىچىدە،
ئۆردەك ئۈزەر، قارا كۆز.
ئوتىڭىزدا بىر ئۆمۈر،
سۈدەك ئۆتەر، قارا كۆز.

كۈن قىزىلدا، سەھەردە،
باغدا ئانار، قارا كۆز.
بىزنى شۇ كويغا سالغان،
كۆزى خۇمار، قاراكۆز.

ئەگلىكىڭىز تېگىدىن،
قىل ئۆتەمدۇ، قاراكۆز؟
سىز بىلەن كۆرۈشكۈچە،
يىل ئۆتەمدۇ، قارا كۆز.

بېرىشىڭىزنى باغدا كۆردۇم،
باغ ئارىلاپ، قارا كۆز؟

يېنىشىڭىزنى تاغدا كۆردۈم،
تاغ ئارىلاپ، قارا كۆز.

يۈرتىڭىزغا ماڭغۇچە،
قاراپ قويۇڭ، قاراكۆز.
بىرنى سۆيۈپ قويسىڭىز،
ساۋاپ بولۇر، قاراكۆز.

بارغىنىمنى كۆردىڭىزمۇ،
قۇرغۇي ئالا، قاراكۆز؟
يانغىنىمنى كۆردىڭىزمۇ،
قاشى قارا، قارا كۆز.

ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم،
قولىڭىزغا، قارا كۆز.
تەلمۈرەرمەن كېيىكتەك،
يولىڭىزغا، قارا كۆز.

تال تېرىكىم، تال تېرىكىم،
قەشقەردە ئۆسكەن تېرىكىم.
ئاستا ـ ئاستا چىقاي دېسەم،
سىيرىلىپ سۇندى بىلىكىم.
كۆيمەسمىكىن دېگەنىدىم،
كۆيۈپ كەتتى يۈرىكىم.

ئاق تىكەن، ئاپئاق تىكەن،
چۆرىسىدە گۈل بارىكەن.

گۈلنى ئېلىپ كۆپكە سالدىم،
كۆپتە شاراب بارىكەن.

ئوڭ قولۇمغا شاراب ئالدىم،
سول قولۇمغا شام چىراغ.
شام چىراغدا كۆيگۈچە،
مەشرەپتە كۆيگەن ياخشىراق.

مەشرەپخانامنىڭ ئالدىغا
ئون ئالتە پالۋان كېلىدۇ.
ئون ئالتە پالۋاننى كۆرۈپ،
يارىمنى كۆرگۈم كېلىدۇ.

مەن يارىمغا تون تىكەي،
دەستە - دەستە گۈل تىزىپ.
چۆرىسىگە زەي تۇتاي،
زۇلپا چېچىمنى كېسىپ.

مېھرىبانىمۇ ئۆزلىرى،
چولپانىمىكىن كۆزلىرى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
شېرىن - شەربەت سۆزلىرى.

ئاسماندىكى غاز كەلدى،
قاتار - قاتار لايغا پېتىپ.
يارىمغا چېيىم بار ئىكەن،
دەردۇ ھالىمنى ئېيتىپ.

كىچىككىنە چىنلىگەم بار،
پىچىپ بەرسەم يەمدىلا؟
تۆردىكىنى چوڭ بىلىپ،
بىزنى كىچىك دەمدىلا.

ئاق يەرگە قوناق تېرىسام،
قۇرغۇي يېسە نېم بولغاي؟
مەن يارىمغا مېغىز تۇتسام،
بىرنى ئالسا نېم بولغاي؟

ئاق تاۋاردىن كۆڭلىكىم،
يەلپۈنىدۇ ماڭغاندا.
مۇرادىمغا يېتەرمەن،
سىزنى باغرىمغا تاڭغاندا.

بولسا قاناتىم،
ئۇچسام ھاۋاغا.
ئىشقىم چۈشۈپتۇ،
بىر خۇش ناۋاغا.

ناۋانى ئاڭلاي،
بېرىپ شايارغا.
مۇقاملار كانى،
گۈلشەن دىيارغا.

مەشرەپتە كۆڭلۈم،
ئۇچتى ساماغا.

ئەگىلىپ كېلىپ،
قوندى زىباغا.

زىبادۇر ئۆزى،
شايارنىڭ قىزى.
چاچلىرى سۇمبۇل،
قۇندۇزدۇر كۆزى.

قاشلىرى قەلەم،
بويلىرى غۇنچە.
لەۋلىرى ياقۇت،
چىشلىرى ئۈنچە.

چۈشسە ئۇسسۇلغا،
پەرىمۇ خىجىل.
ئاشۇ گۈزەلگە،
مەن بولدۇم ئىجىل.

كېلىڭ ئوينايلى،
ئەي گۈلى رۇخسار.
سىز ئۇسسۇل ئويناڭ،
مەن چالاي دۇتار.

باغدا قىزىلگۈل،
سايرايدۇ بۇلبۇل.
ھەر جايدا يوقتۇر،
سەندەك قىزىلگۈل.

ئاللاھۇئاللا،
قايدىن كېلىملا؟
ئەرزىمنى ئېيتاي،
قادىر خۇداغا.

قادىر خۇدانى
ھېچ كىشى بىلمەس.
ياردىن سوراڭلار،
قاشىمغا كەلمەس.

ئۇچتى قارچىغام،
قونەى مۇرەمگە.
ئەرزىمنى ئېيتاي،
زىبا، سەنەمگە.

باغدا تۇرۇمتاي،
كەپتەرنى ئالغاي.
قويۇپ بېرىڭلار،
ياخشىغا تويغاي.

ئۆگزەمدە كەپتەر،
دانىنى جىق سېپ بەر.
تاماكاڭنى چەكمەيمەن،
ئاشنامنى تېپ بەر.

ئۆردەك بولايلى،
لايدا ياتايلى.

پالۋان كېپ قالسا،
چۆلگە قاچايلى.

زىبىخان، ھەيدە قويۇڭنى باقمەن،
ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقمەن.
ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقمىسام،
لەۋلىرىڭدە پىستە - بادام چاقمەن.

زىبىخاننىڭ بېغى بار، باغۋەنى يوق،
زىبىخاننىڭ دەردى بار، دەرمانى يوق.
زىبىخاننىڭ باغىگە باغۋەن بولاي،
زىبىخاننىڭ دەردىگە دەرمان بولاي.

زىبىخان، ئويمان بۇلاققا تاشلىماڭ،
پۇلى جىق دەپ سودىگەرنى باشلىماڭ.
پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىدۇر، مەن تاپاي،
پۇلى يوق دەپ مەرد يىگىتنى تاشلىماڭ.

ئول خۇدا، نېمىلەرگە ياراتتىڭ مېنى،
تاش قىلىپ يىچاققا قاراتتىڭ مېنى.
تاش قىلىپ يىچاققا قاراتساڭ مېنى،
قۇش قىلىپ قەپەستە سايراتما مېنى.

ئېچىلغان بىكار،
ساچىلغان بىكار.
ساراڭ خوتۇنغا
چېچىلغان بىكار.

ئەتىۋار خېنىم،
دەردى بار خېنىم.
سىزدىن ئوبدىنى
نەدە بار، خېنىم؟

هاي خېنىم، هاي ــ هاي خېنىم،
بويىڭىز پاكار، خېنىم.
چىرايىڭىز بولمىسا،
ياڭزىڭىز بىكار، خېنىم.

ئون تۆت يېشىمدا،
دۆلەت باشىمدا.
ھەر جايغا بارسام،
يارىم قاشىمدا.

ھەر جايغا بارساڭ،
ھەقنى ئۇنۇتما.
قارا كۆزۈڭدىن
ياشنى قۇرۇتما.

ھەر جايغا بارساڭ،
بولغىن سالامەت.
مەن يارىم ئۈچۈن،
تارتاي مالامەت.

دۆلەت شۇڭقارى
ئىلكىڭدىن ئۇچتى.

تورغاينى قوغلاپ،
باغچاڭغا چۈشتى.

باغچاڭغا چۈشسە،
ئۈندىن ئالارمەن.
جاڭگالغا كەتسە،
قايدىن تاپارمەن؟

ئالمىخانىنىڭ بېغى بار،
باغ ئىچىدە دېڭى بار.
ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار،
ئۇنىڭ قېشىدا مېڭى بار.

ئالمىخانىنىڭ ئۆيلىرى،
زىلچا - گىلەم، كىگىزى.
ئالمىخانىنى ئالما قىلغان
ئۈپا - ئەڭلىك پەدىزى.

ئالمىخانىنىڭ بېغىدا،
ئۈچ تۈپ ئانارى قەشقىرى.
ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار،
ئوتتۇر چىشى تاشقىرى.

ئادەم قىلىپ ياراتقان
قادىر خۇدا ئەمەسمۇ؟
ئۇنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان،
مەرەمنىسا ئەمەسمۇ؟

ئوچاق بېشىدا ئويما،
دوپپاڭنى قىيا قويما.
سېنىڭ خىلىڭ مەن ئەمەس،
خىلىڭنى تېپىپ ئوينا.

ئالمىخاننىڭ ئاقلىقى،
ئاتمىغان ئاق پاختىدۇر.
سۆڭگىچىنىڭ گۆشى يوق،
رەندە سالغان تاختىدۇر.

يېشىل - يېشىل يوپۇرمىقىم،
شايارغا كەتتى.
يېشىل تونلۇق مېنىڭ يارىم،
قەشقەرگە كەتتى.

كېلەمدىكىن، كەلمەمدىكىن؟
قارارى يەتتى.
بۇ غېرىبلىق، مۇشكۇللۇك،
جېنىمدىن ئۆتتى.

*      *

كېچىلىرى ھۇۋقۇش بولۇپ،
كۈندۈزلىرى بىھوش بولۇپ،
سىز كېيىك، مەن قۇش بولۇپ،
ئالاي سىزنى، جېنىم خېنىم.

كېچىلىرى يۇلتۇز ساناپ،
ئېتلار كېلىپ بىزنى تالاپ.
ئۆيلەنمىدۇق سىزگە قاراپ،
ئالاي سىزنى، جېنىم خېنىم.

تويلۇقىڭىزغا تاۋار ئالاي،
شايى ئالاي، ئەتلەس ئالاي.
داقا، دۇمباق، قالۇن چالاي،
تېزرەك بولۇڭ، جېنىم خېنىم.

ئاققىنا قۇشقاچ كېلىپ،
قوندى ياڭاق شاخىگە.
ھەر كىشى مەندەك كۆيەمدۇ،
باشتا تۇتقان يارىگە؟

ھەركىشى مەندەك كۆيسە،
يېڭى تۇتقان يارىگە.
كىرپىكىم ئوقتەك قادالسۇن،
تاش يۈرەكىنىڭ جانىگە.

ئۆستەڭ بويىدا مال بېقىپ،
يۇلغۇن تۈۋىدە ياتتىم.
قاچانغىچە بىلمەيسەن،
كۆيۈك ئوتىغا پاتتىم.

كۆڭلىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ،
ئويلىدۇق سىزنى.

زىنداندىكى گۇناھكاردەك
قىينىماڭ بىزنى.

قىينىساڭمۇ قىيناۋەرگىن،
گۇناھىم باردۇر.
سەندىن باشقا يارىم بولسا،
خۇدايىم باردۇر.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
خاماندا گۇ - گۇ دېدىلە.
ئىشق ئوتىغا پايلىماي،
سۇنى گۇپ - گۇپ ئىچتىلە.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
قوندۇم نىگارنىڭ تالىگە.
كىرپىكىم ئوقتەك بېرىپ،
قادالدى مىسكىن جانىگە.

كۆككىنە كەپتەر قىلىپ،
ئايۋانلىرىدا باقسىلا.
بىز يېتىم بىچارىنىڭ،
دەردىگە دەرمان بولسىلا.

كۆككىنە كەپتەر ئىدىم،
ئۇچۇردى يارىم تاش ئېتىپ.
ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
قارا كۆزۈمدىن ياش ئېقىپ؟

كۆككىنە كەپتەر كېلىپتۇ،
«يەھ ـ يەھ» دېمەيلا دان چېچىپ.
ئالتە ئايدا بىر كېلىپتۇق،
نەلەردە يۈرىلا قېچىپ؟

باردىم سەنەمنىڭ قېشىغا،
ئاستاغىنا بىر ـ بىر بېسىپ.
سەنەم يېتىپتۇ تەختىدە،
گۈل غۇنچىسىدەك ئېچىلىپ.

سۇندۇم قولۇمنى يۈزىگە،
تۇيماسمۇ دەپ ئاستاغىنا.
ئىرغىتىۋىدىم باشىنى،
ئاچتى كۆزىنى يار ماڭا.
ئەدەپ بىلەن سىز كىم، دېدى،
پېقىر قۇلۇڭ، مىسكىن، دېدىم.

ئالتە ئايدىن ئايلىنىپ،
كەلدىم سەنەم يار قېشىغا.
هوشۇر ـ زاكاتىنىڭ ھەققىدە،
قاراپ قويۇڭ ئاستاغىنا.

دۇتارنى چېلىڭ، يارىم،
يېڭى چىققان پەدىگە.
قىيامەتتە ئەرزىم بار،
تۇرمىسىڭىز ۋەدىگە.

ئاقچى قوغۇن تورلاشتى،
كۆكچى قوغۇن تورلاشتى.
بىزنىڭ يار قەلەم قاشنى،
سۆيسەم ھەددىدىن ئاشتى.

دۆڭ تاختىدا ئۈنگىنى
يازغىمۇ يا كۈزگىمۇ؟
كۆيدۈم دېگەن گۇناھقا،
تامامىي دەرد بىزگىمۇ؟

پاڭچۇ كۆڭلەك كىيىپلا،
شەتلەڭگىنى ياراتماي.
يەتكۈزەرلا مۇرادقا،
بىزنى يەرگە قاراتماي.

يارىم بەرگەن توم ناننى
قېتىپ يېدىم ئۈزۈمگە.
يارنى كۈندە كۆرمىسەم،
ئۈيقۇ كەلمەس كۆزۈمگە.

ئېتىزلىقنى تومىلاپ،
ئاپتاپقا سالاي.
ئالما تەڭلەپ يارىمنىڭ
كۆڭلىنى ئالاي.

تېۋەزۈنۈم چاقلاقلىق،
مەزمۇتقىنا ساپلاقلىق.

قارا كۆزنىڭ دەردىدە،
كۆڭلۈم ئارام تاپماقلىق.

ئەتىدىن تا كەچكىچە،
يولىڭىزغا قارايمەن.
ئوچۇق قىلىڭ گەپ بولسا،
قېشىڭىزغا بارايمەن.

تەق بولۇڭا، خېنىم،
ساقلاتماي بىزنى.
ساق بولۇڭا، خېنىم،
قورقۇتماي بىزنى.
ئوينىتىپ كېلەي،
گۈلباغدا سىزنى.

ئالما سويسام ئۆتمىدى،
پىچاقلىرى داتمىدى؟
كۆيۈك ئوتى يامانكەن،
دەرد ئىچىمگە پاتمىدى.

مىنگەنلىرىم ئاتمىدى،
سۆيگەنلىرىم ياتمىدى.
ئاران تەستە تېپىشقان،
يار قوينىغا تارتمىدى.

تۆت تاقا ئەتلەس بىلەن،
رەسمانە كۆڭلەك چىققۇدەك.

يار ئۇتى جان قىينىدى،
بولدۇم كېلىمنى بوغقۇدەك.

ئالا ئاتنىڭ تاقىلىقى يوق،
تال باراڭنىڭ ياقىلىقى يوق.
بارچە دەردنى مەن تارتتىم،
سىز خېنىمنىڭ خاپىلىقى يوق.

مەلەڭ چەت ـ ياقا، يارىم،
ئىشىكنى چىڭ تاقا، يارىم.
ئوينايلى خۇمارلىققا،
قانداق دەپ باقا، يارىم.

تاكاللاشما مەن بىلەن،
سۆيۈۋالاي پەم بىلەن.
تاكاللاشساڭ مەن بىلەن،
كۈنۈڭ ئۆتەر غەم بىلەن.

شايىدا تامبال كىيىپلا،
بېغىغا قۇ بەكىتىپ.
گەپنى تۈز، دەللىڭ دىمەملا،
يۈرگۈچە گەپ ئەگىتىپ.

تاناۋۇل ئەيلىدىم دەردنى،
يېشىمدا ھۆللىدىم خەتنى.
قېشىڭغا ئۈچقۇدەك بولدۇم،
قانات ئەيلەپ مۇھەببەتنى.

ئوتۈن يېرىپ پالتىدا،
تىزىپ قويغىن، سايلىغىن.
داڭ كەتكۈدەك ئوينايلى،
ئوينار بولساق يايلىغىن.

قىزىل ئالما، تاشئالما،
تاۋىدانغا تىزىقلىق.
سىز يارىمنىڭ سۆزلىرى
يۈرىكىمگە يېزىقلىق.

تەكچىڭىزگە تىزىلغان
ئالما بىلەن ئانارمۇ؟
سىزدىن باشقا يار تۇتسام،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنارمۇ؟

كۆڭلىكىم بىر تالىما،
كىيىپ بارسام قالىما.
بىز كۆيگەن شۇ خېنىمنىڭ
چاغلىق ئىكەن ھالىما.

ئالا ئىتىڭ يامانكەن،
زەنجىر بىلەن باغلىغىن.
كۆيدۈم دېمەك ئاسان گەپ،
ئۆز - ئۆزۈڭنى چاغلىغىن.

تاغ سۈيى تارام بولدى،
يار ماڭا قارام بولدى.

قايرىپ بىر سۆيۈپ قويسا،
كۆڭلۈمگە ئارام بولدى.

تاڭ ـ تاڭ ئاتقاندا كېلىڭ،
ئەته تاڭ ئاتقاندا كېلىڭ.
«گاچا»نىڭ پەيلى يامان،
پەيتىنى تاپقاندا كېلىڭ.

تالاغا چىقار بولساڭ،
پانار چىراغ ئېلىۋال.
سېغىنغاندا كۆرەرسەن،
سۈرىتىمنى سىزىۋال.

ئۈزۈم تالىنى پۈتايمەن،
چىۋىقىنى تارايمەن.
يارىم ئۆتسە ئالدىمدىن،
چاندۇرماستىن قارايمەن.

يار بېغىنى مارايمەن،
گۈل ھىدىنى پۇرايمەن.
ئالدىمدىن چىقىپ كەلسە،
يوللىرىدا تۇرايمەن.

بەل تارتقۇم سۇنۇپ كەتتى،
باشقىنى سوقۇپ بەرسىلە.
بىخەۋەر بولۇپ قالماي،
ناخشىنى ئوقۇپ كەلسىلە.

ئاق ئۇجمە پىشىپ قاپتۇ،
تاراڭگۇدا قاقساڭچۇ.
قىزچاقلار چوڭۇپ قاپتۇ،
ۋاسالغۇدا باقساڭچۇ.

روزام سۇندۇ، يارىم،
چاي بەرمە، ئىچەلمەيمەن.
مەن تادان، ئۆزۈڭ نازۇك،
ئىشقىڭدىن كېچەلمەيمەن.

ھەسەل تەملىك لېۋىڭدىن
چىشلەيمۇ، يارىم؟
مەن قارچىغا، سەن توشقان،
قوشلايمۇ، يارىم؟

ئۆگزەڭدە باراڭ چەللە،
يارىم، مېنى بوش پەللە.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرسەڭ،
گەپ ـ سۆز تاپىدۇ ئەللە.

تەڭلىمات كىگىز ئېتىپ،
ئايۋان سارايىمغا سالاي.
ۋەدىگە قىلساڭ ۋاپا،
ئېيتقان قارايىڭدا باراي.

ئۆگزەڭگە چىقىۋېلىپ،
باغ كەينىگە تاش ئاتما.

مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
باشقىلارغا قاش ئاتما.

باشىڭدا قىزىل پوسما،
قاشىڭدا يېشىل ئوسما.
ئىككىمىز يېقىن ئۆتكەن،
يارنىڭ يولىنى توسما.

تېمىڭىزنىڭ تېگى بوش،
زەي تارتىپ يىقىلماسمۇ؟
«كۆڭلۈمدە پەقەت سىز بار»
دېگەن گېپىڭىز راستمۇ؟

ئالما بەرسەم يەرسىزمۇ،
شاپتۇل بەرسەم يەرسىزمۇ؟
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
ئاچچىقىڭىزغا دەرسىزمۇ؟

تەگۋازنىڭ كۆكى ئاچچىق،
چەكسەم قورىدى گالنى.
بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم،
بوشراق تارتىلى ھالنى.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئۈزمىگەن يارىم.
ئوتتۇز ياشقا كىرگۈچە،
خۇيىنى تۈزمىگەن يارىم.

كۆرپە تەلپەك بېشىمدا،
خۇمار كۆز يار قېشىمدا.
يارنىڭ ئۆتى كۆيەدۇر،
ئىچىم بىلەن تېشىمدا.

گەپلىرى چۇرۇك يارىم،
قاپىقى تۇرۇك يارىم.
شۇنچە قىلسام بىلمىدىڭ،
مەن ساڭا كۆيۈك، يارىم.

لەۋلىرى سۇزۇك يارىم،
گەپلىرى تۈزۈك يارىم.
تاشلاپ قاچىدۇ دەمسەن،
كۆڭلى بەك ئۈزۈك يارىم.

ئۇيانغا بارالامسىز،
بۇيانغا كېلەلەمسىز؟
مەن سىزگە كۆڭۈل بەرسەم،
قەدرىمنى بىلەلەمسىز؟

بېشىڭدىكى تېۋەڭنى
بىر قولۇڭدا تۇتۇۋال.
يىگىت بولساڭ شۇدلۇق بول،
يار كۆڭلىنى ئۇتۇۋال.

گەپلىرى ئەجەب تولۇغ،
كۆڭلۈمگە تەگدى.

قارىماي كەتكەنلىرى
قەددىمنى ئەگدى.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
غىلاپىڭنىڭ چۆچىسى.
يېڭى تۇتقان يارىم بار،
يىگىتلەرنىڭ نوچىسى.

ئاقچى قوغۇن تولاغكەن،
پىچىپ يەپ باقاي.
يارىم كەچتە كېلەلەمدۇ،
بېرىپ دەپ باقاي.

ئالمىنى سويۇپ بەردىم،
بېھىنى ئويۇپ بەردىم.
تالاشقان سەتەڭلەرگە
يارىمنى قويۇپ بەردىم.

سېرىقئاشنى، لەڭمەننى،
ئوخشاتقىنى توغرىغا.
كۆڭلۇم بەك چۇشۇپ قالدى،
ئوتى يامان ئوغرىغا.

چايخالتىنى ئىلماڭلار،
كۆن بەلۋاغنىڭ توقىسىغا.
دەسسىمەڭلار، چوكانلار،
ئوغۇللارنىڭ چوققىسىغا.

ناۋات چىپى، قەنت چىپى،
يارىم ئۆنى ئىچەرمۇ؟
كىچىكلىكتە كۆيگەن ئوت
چوڭ بولغاندا ئۆچەرمۇ؟

تۈگمەندىن يىغىپ تۇزنى،
كۆمەچ كۆمۈپ بېرەيمۇ؟
ئۇخلاپ قالمىغىن، يارىم،
كەچتە يوقلاپ كىرەيمۇ؟

ئېتىم بوغۇز چاينايدۇ،
يۈگ تۇۋرىسى بېشىدا.
بىللە بولسام ھەمىشە،
مەن يارىمنىڭ قېشىدا.

قوناق ئۈنىدا زاڭ ئەتتىم،
تۆپىسىدە قورۇما.
ئاۋايلىساڭ كۆڭلۈمنى،
خان ئاچاڭنى دورىما.

تەلپىكىمنىڭ تۆپىلىكىنى
چىبەرقۇتتا تاشلايمەن.
يارىم كەلسە كەچلىككە،
گۈل تۇۋىگە باشلايمەن.

سارايىڭنىڭ تېمىنى
كاكىل لايدا چاپلىغىن.

بىزمانلىققا بارايمەن،
كونا جايدا ساقلىغىن.

گۈل تەڭلىسەم ئالامسىز،
پۇل تەڭلىسەم ئالامسىز؟
بىر ھەپتە كۆرۈشمەستە،
تونۇماسقا سالامسىز؟

ئەتكەن ئىشىمىز تۈزلۈق،
سالغان چامغۇرىمىز مۇزلۇق.
قانداق قىلىمىز، يارىم،
جانغا تەگدى يالغۇزلۇق.

جىنچىراغنى پەندۈردۈم،
چوڭ چىراغنى ياندۇردۇم.
يارنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ،
ئىشتىياقنى قاندۇردۇم.

ئوخشىماپتۇ تۇكچىسى
ئاق نانىنىڭ، توقاچ نانىنىڭ.
يار قىلسۇن ئىلاجىنى،
قىينالغان ئەزىز جانىنىڭ.

يارىم تۇگەل كۇلمەيدۇ،
كۆڭلىدە غۇمى باردەك.
قانداق ئويلىسا مەيلى،
ئاقمەن، ئاقلىقىم قاردەك.

ئىچكىلى قېتىق بەرسەم،
كۆنەلگۈنى قويمايسىز.
گېپىڭىزنى ئوچۇق دەڭ،
قارىغانغا تويمايسىز.

قاچاڭدىكى ئاشمىدى،
ئاشتىكى كۆك ماشمىدى؟
بىر قاراپمۇ قويمايسەن،
باغرىڭ قاتتىق تاشمىدى؟

قازان بەك قىزىپ كەتتى،
تۆۋلۆككە ئالالمايمەن.
يۈرەك ـ باغرىم سېزىپ كەتتى،
ئاھ، كىمدىن يامانلايمەن؟

يېڭى ئاچقان بىنەمگە
سۇ باشلىدىم قانغۇدەك.
باشتا يارىم ئامراقتى،
ئەمدى بوپتۇ تانغۇدەك.

ئېرىقىڭنى ئويلايمەن،
ئېتىزىڭنى بويلايمەن.
تۇمۇچۇقتەك يارىم بار،
داڭ كەتكۈدەك ئوينايمەن.

كۈزدە سالغان كۆچەتلەر
بىرى قالماي تۇتۇپتۇ.

نازى يامان چوكانلار
كۆڭلىمىزنى ئۆتۈپتۇ.

ئوتلىرىنى ئاچاملا،
چوغلىرىنى چاچاملا؟
ۋەدە يالغان بولدىغۇ،
قوغلىغانچە قاچاملا؟

ئاقسارايدىن كەلگۈچە،
ئاتلار ھېرىپتۇ.
ساقلىغا ئاق سانجىپ،
يارىم قېرىپتۇ.

ساقال دېگەن تۆت تال تۈك،
كۆڭۈل دېگەن ياش.
مەيلى يوققا يار بولساڭ،
بولالامدۇ ئاش؟

بېغىڭدا توغاچىڭ بولاي،
تاقاغدا قارلىغاچىڭ بولاي.
سەن ۋاپا قىلساڭ ماڭا،
باشىڭدا گۈلتاجىڭ بولاي.

موتو مىنگەن نوچىلار،
ئۆتۈپ كەتتى غارقىراپ.
كېلىڭ، يارىم، ئوينايلى،
قاشتېشىدەك پارقىراپ.

بېشىڭدىكى ياغلىقتىن
كېسىۋالاي قىيىقچى.
ئارىمىزنى بۇزمىسۇن،
يۈزى قېلىن تېرىقچى.

مەن ئەۋەتكەن رومالنى
چەگمىدىڭمۇ بېشىڭغا؟
سەن يوقلىمىساڭ، يارىم،
ئۆزۈم باراي قېشىڭغا.

تۆر تامغا ئېسىپ قويدۇم،
كەلكۈن نۇسخا گىلەمنى.
يارىم راۋا كۆرەرمۇ،
ماڭا دەردۇ ئەلەمنى؟ !

يار توقۇغان زىلچىنى
كۈيگە يېگۈزمەيمەن.
خۇمار كۆزدىن ئەبەدكە
ئۈمىدنى ئۈزمەيمەن.

ئەتلەس كۆڭلىكىم نوچا،
يارىم ھېيتتا ئېپ بەردى.
ئايدا ـ يىلدا كۆرۈشسەك،
سۆيۈپ قويماي، گەپ بەردى.

قوقاسقا كۆمەچ كۆمسەم،
ئالغاچ كېتىپ يەرسىزمۇ؟

نازلىنىپ كۈلۈپ بەرسەم،
ھاياسى يوق دەرسىزمۇ؟

لەڭمەن سالدىم تاختىدا،
يىپ ئېگەردىم پاختىدا.
خاپا بولماڭ، ئۇز يارىم،
كېلەلمىدىم ۋاقتىدا.

چاقىڭغا تاناپ ئەتتىڭ،
مەن بەرگەن يېڭى زەيدە.
ئىشقىڭ مۇپتىلاسىدىن
ئاغرىيدۇ يۈرەك – مەيدە.

يار چېچىنى تارايدۇ،
نازدا كۈلۈپ قارايدۇ.
ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە
ماڭا شۇلا يارايدۇ.

پاختىنىمۇ تايلىدىم،
سەرگەزنىمۇ تايلىدىم.
سىز خېنىمنىڭ دەردىگە،
جان چىقمىدى، پايلىدىم.

يازنىڭ كۈنى كەلكۈندە،
لاي ئېقىتتىم تاشلىققا.
ئىچىڭ ئاغرىسۇن، يارىم،
مەندەك كۆزى ياشلىققا.

زاھىت كۆمىچى كۆمدۇم،
ئىچىگە ئېلىپ تاشنى.
يارىم سىلىسا بولدى،
بۇ مىسكىن، غېرىب باشنى.

تاغنىڭ ئۈستىدە قارى،
قارنىڭ تېگىدە دارى.
قار ـ مۇزدەك ئېرەر بولدۇم،
يارىم قىلمىسا چارى.

تاشتىن ـ تاشقا سەكرەيمەن،
تاغدىن ـ تاغقا ئاتلايمەن.
قارا كۆزلۈك يارىمنى
كېچە ـ كۈندۈز يادلايمەن.

يارىم، سېنىڭ چاچلىرىڭ
بىر جۈپ ئۈزۈن سالمىمۇ؟
ئىككىمىزنى ئايرىغان
ئۆگەي ئاناڭ لالمىمۇ؟

پولۇ يېسەڭ ئېپ بېرەي،
لەڭمەن يېسەڭ ئېپ بېرەي.
كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى
يار، ساڭىلا دەپ بېرەي.

جىلىتكەڭ چوڭ كەلدىمۇ،
تۈگمە يۆتكەپ قاداپسەن.

نېمە بولدى، ئۆز يارىم،
ئۆتكەنكىدىن ياداپسەن.

مەشۇت يېپتا باغلىدىم،
قولاقتىكى زىرەمنى.
يارغا ۋاپا قىلمىسام،
تەتۈر سويسۇن تېرەمنى.

پىچىقىم بار چار دەستە،
تىكتۈردۇم غىلاپ تەستە.
يار ئېگىزدە، مەن پەستە،
سەكرەپ سۆيگىنىم ئەستە.

كەچلىككە يېنىپ چامدىن،
كىرسەم ئارتىلىپ تامدىن.
ئۇسسۇلۇق بېرەرسەنمۇ،
ئاغزىڭدىن — شېرىن جامدىن؟

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
ئەتراپىدا گۈل باغلار.
دەيدىغاننى دەپ بولدۇم،
قالغاننى ئۆزۈڭ چاغلا.

يېڭى چاپقان كۆللىرى
يۇمىلاقمۇ، چاسىمۇ؟
ھاردۇق سوراپ قويمايلا،
ھېرىپ - ئېچىپ بارسىمۇ.

تۆت چاسا قەنت ـ چاقماق قەنت،
چايغا سالسام ئىچەمسىز؟
خەق خىيالىي ئويىنىسا،
سىز بۇ جاندىن كېچەمسىز؟

قولۇمدىكى ئۈزۈكنى
چار بازاردىن ئالغان.
يارنىڭ ئىشتىياقىنى
كۆڭلۈمگە خۇدا سالغان.

چارەك ئىششەك ئۆگۈتتىن
بىر لەڭمەنلىك ئۇن چىقتى.
يار، دەردىڭدە يىغلىسام،
ياش ئورنىغا خۇن چىقتى.

يار سەپەرگە چىقماقچى،
مەنزىلى غىلاڭ سايلىق.
ئۇسسىسا سىلىپ ئىچسۇن،
تەييارلاپ بېرەي چايلىق.

قايناق سۇ قۇرۇق سەپرا،
چايلىق دورىڭىز يوقمۇ؟
باغرى تاش ۋاپاسىز يار،
كۆيسەم كارىڭىز يوقمۇ؟

كاللا ـ پاچاق، چاقمىنى
تۇزلاپ يەيلىمۇ، يارىم؟

مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
سۆيسەم مەيلىمۇ، يارىم؟

سۇ يالىغان چەينەككە
شاخ بىلەن ياساي چاقما.
كۆڭلۈمنى ئايار بولساڭ،
غەيرىيگە كۆلۈپ باقما.

ئاياقتىكى سۇيقاشىنى
بۆلۈپ ئىچەي چايچاققا.
خاپا بولماڭ، ئۆز يارىم،
ئاخشام قىلغان چاقچاققا.

نەقىشلەتتىم دۇتارنى
گۇلباغدىكى قارىغا.
ئېيتقان ناخشام تېگەرمۇ،
يارنىڭ يۈرەك پارىغا؟

دەستىلەپلا ئارىنى،
قىلاي دەپلا كارىنى.
جان قىينىماي دېمەملا،
كۆڭۈلدىكى بارىنى.

پاساڭدىغان سويمىنى
تىزىۋاپلا چەللىگە.
يانلىرىدا مەن تۇرسام،
كۆز قىساملا ئەللىگە؟ !

خاماندىكى بۇغداينى
كۆز چىنىڭدا چەللەمسەن؟
يار، ئىشقىڭدا تاقەت يوق،
تۇمارىڭنى بەنلەمسەن؟

مىلتىقىڭغا ئوق بەنلەپ،
ئاتقىن قارىنى چەنلەپ.
نەۋاخقىچە يۇرەرمىز،
مەن ئالدىنىپ، سەن پەللەپ؟ !

قوينى باقتىم ئىلەكتە،
يۇڭنى ئەشتىم چىلەكتە.
مىنىڭ كۆڭلۇم ئۆزۈڭدە،
سىنىڭ مەيلىڭ بۆلەكتە.

يارىم سۇغا مىڭىپتۇ،
پۇلاڭشىتىپ چىلەكنى.
خۇدايىم بار پات - يىقىن
قاندۇرغىلى تىلەكنى.

چىرىغىمنىڭ پىزىسى
چىگىت چاينايدۇ.
يارغا كۆزۈم تويسىمۇ،
يۈرەك تويمايدۇ.

جۇۋازچىغا تاپشۇردۇم
تاغاردىكى چىگىتنى.

نېسىپ قىلسۇن خۇدايىم،
ماڭا ئوڭلۇق يىگىتنى.

كۆل بويىدا چىغىرتماق،
ئۆزۈم ئاسقىلى لازىم.
يار ماڭا ئېگىلمەيدۇ،
مەن قىلغان بىلەن تەزىم.

باغقا بىللە بارامسىز،
گۈل چېيىنىسەم ئالامسىز؟
كىچىككىنە جېنىمغا
شۇنچە دەردنى سالامسىز؟

ئۆزۈم بەرسەم ئالمايسىز،
مېغىز بەرسەم ئالمايسىز.
كۆز ئوينىتىپ، قاش ئېتىپ،
نەۋاخقىچە ئالدايسىز؟

ئېقىن سۇنىڭ بويىدا
چېچىڭىزنى تارايسىز.
يېقىن كەلسەم ھېچ گەپ يوق،
ئۆتۈپ كەتسەم قارايسىز.

يارىشىپتۇ چىغىناق،
قولىقىڭدىن ئالمىغىن.
ئاۋايلىساڭ كۆڭلۈمنى،
خەققە نەزەر سالمىغىن.

بىشىگىدىكى چىچاقمۇ،
قولۇڭىدىكى رۇچاقمۇ؟
ئاخشام قىلغان گەپلىرىڭ،
چىن پىشىشقمۇ، چاقچاقمۇ؟

چىپچاڭ كەلدى، چىپ كەلدى،
ئەتلەس كۆڭلەك بويۇمغا.
سەن يارىمدىن باشقىسى
كىرىپ چىقماس ئويۇمغا.

پات ـ پات يوقلاپ كەلمەيسەن،
نىم بولدى، ئۆيۈپ قالدىم؟
چىدىغۇدەك هالىم يوق،
چىن پىششىق كۆيۈپ قالدىم.

تۇخۇم ئىچتىم ناشتىدا،
بوش پىشۇرۇپ، ئىللىتىپ.
قارا كۆزنى ئىستەيمۇ،
چىللامچىغا چىللىتىپ؟

هويلىڭىزنى چىتلاپسىز،
كىرەلمىسۇن دېگەنمۇ؟
ئۆيىڭىزدىن چىقمايسىز،
كۆرەلمىسۇن دېگەنمۇ؟

مەن ئەۋەتكەن چىت كۆڭلەكنى،
هېيتتا كىيەرسىز.

سىزگە كۆيۈپ ھېچ ھالىم يوق،
قاچان سۆيەرسىز؟

چېۋىقى بىلەن نوچا،
بەل پۈرىمە كۆڭلىكىم.
ئىختىيارىمدىن ئەمەس،
يار ئىشقىدا كۆيمىكىم.

چىلگە تېرىدىم تۈزگە،
قالماي پىشىدۇ كۈزگە.
سەندىن باشقىنى ھەرگىز،
سۆيمەيمەن بۈنىڭ بۆيىزگە.

بىرنى سۆيەي، ئونىنى سۆيەي،
مۇرادقا يېتەي.
كۆيگەنلىرىم گۇناھ بولسا،
كۆزۈڭدىن يىتەي.

يار قايرىلدى چەينەكتىن،
تونۇدۇم ئاق كۆڭلەكتىن.
يۇگۇرۇپ چىقاي ئالدىغا،
چاي قۇيۇپ مىس چەينەكتىن.

ئۇندىسەڭ ئۇندەككە كەلدىم،
بولمىسا كەتتىم يىراق.
سەن بىلەن تېپىشقۇچە، يار،
مەن ئىدىم دەردتىن يىراق.

دەردكە سالدىڭ، ئوتقا سالدىڭ،
بىر بېشىمدا مىڭ پىراق.
قايسىبىر قىلغان گۇناھقا،
جاننى قىينار ئىشتىياق.

كۆڭلىكىڭنىڭ پېشىنى
چوقاتماققا ئىلدۇرمە.
ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى
دوست ـ دۇشمەنگە بىلدۇرمە.

ئىككى چارەك شىلىم بار،
سوقۇپ بەرگىن سوقاڭدا.
ۋاپاسىزلىق قىلساڭ، يار،
ئىككى قولۇم ياقاڭدا.

ئۇزۇن يولدا ھېرىپسىز،
ناۋات دەملەپ چاي بېرەي.
ۋەدىڭىزدە تۇرسىڭىز،
سىزگە دىلدىن جاي بېرەي.

تاغدا سەلكىن ئايرىيدۇ
بۇغداي بىلەن سامانىنى.
ياخشى يارىم بار تۇرۇپ،
قانداق قىلاي يامانىنى؟!

زۇكام بولغان ئوخشايسىز،
چۇلۇق تاۋۇز يەپ بېقىڭ.

سىزنى ماڭا بېرەرمۇ،
ئانىڭىزغا دەپ بېقىڭ.

بۇ تاۋۇز چولۇق تاۋۇز،
پىچاي دېسەم گۆشى يوق.
بۇ كەمدىكى قىزلارنىڭ
بېلى مەھكەم، بوشى يوق.

قەنت بىلەن يۇغارغاندەك،
گەپ - سۆزى چۈرۈك يارىم.
خالىيدا كۆرۈشكەندە،
قاپىقى تۈرۈك يارىم.

يارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ،
بولدى باغرىم چۇچۇلا.
مەنمۇ ئادەم بالىسى،
دەردكە ئازراق پۇچۇلا.

چىپىق ۋاقتى بوپ قالدى،
يۇمشتاي قوناقلىقنى.
خۇدا ھەرگىز سالمىسۇن،
ئارىغا سوغۇقلۇقنى.

ھىجىردىكى قېتىقنى
چىپىن قىلماي ئىچەملا؟
تايىنى يوق ئىشنى دەپ،
شېرىن جاندىن كېچەملا.

چاچ دېگەن شۇنداق بولارمۇ،
بوغما يىلاننىڭ ئۆزى.
شۇ ئۆزۈن چاچلىق خېنىمنىڭ
بىزگە چۈشمەسمۇ كۆزى؟

ئالتۇن باغلىق ئۆزۈككە،
كۆز قويدۇردۇم چەش بىلەن.
يار بويىنىنى باغلايمىز،
قارا سۇمبۇل ساچ بىلەن.

يارىم كېلىدۇ ئايدا،
كەلسە كۆتمەن چايدا.
كۆيدۇردى پىراق - ئىشقى،
دەردىمگە زىمات قايدا؟

يۇلغۇن چېچىكى سايدا،
مەن كۆيگەن لەۋەن قايدا.
ئوينىۋالىلى، يارىم،
قاچقاندىن نېمە پايدا؟ !

بېشىمنىڭ يامىسى ئاغرىق،
تېۋىپنىڭ زىماتى يوق.
ئۆزۈڭنىڭ بولمىسا كارى،
مەندەكنىڭ ھىماتى يوق.

كاساڭدىكى خېمىرنى
ئەمدى قىلدىم زۇۋۇلا.

كۆيۈپ قالغان گۇناھقا،
جاننى بوشراق ئۇۋۇلا.

سۇ باشلىدىم ئېتىزغا،
تانا يېشى نو بىلەن.
مۇشتۇمچىلىك جېنىمغا،
دەرد سالمىغىن زو بىلەن.



Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk5NTcuemlw",
"filename_decoded": "40209957.zip",
"filesize": 16599880,
"md5": "82806735309305ffb6a88ca43a6155fa",
"header_md5": "3418518b43cde58f217a33c806bcc16d",
"sha1": "ba37ca3ee2b9f9a3ce3df977e787dc11e33f174c",
"sha256": "406d4613b203463eef0e63f1d9674eb11f2a4613e5d83a2eb9b1dd73351b98ac",
"crc32": 4140372106,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 16811614,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2555\u03a6\u2565\u00d1 \u255a\u00b2\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209957",
"pdg_main_pages_found": 347,
"pdg_main_pages_max": 347,
"total_pages": 357,
"total_pixels": 1363072768,
"pdf_generation_missing_pages": false
}